جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 67 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!

# شىنجاڭ ياشلىرى

ئالدىنقى يېرىم ئايلىقى
上半月

2016-10

新疆青年
Xinjiang Youth





ISSN 1002-9109
07>
9 771002 910000



# تۇمارس ئاممباب تاماقخانىسى

Tumaris
新疆突玛丽斯大饭店
TUMARIS HOTEL.XINJIANG

## 24 سائەتلك چاي، قەھۋە، پىسا

شنجاڭ تۇمارس ئالي مېھمانسارييمز كەڭ خېرىدارلارغا تېخمۇ قولايلىق يارتش مەقستىدە چاي، قەھۋە، چۈشلۈك تېز تاماقخانا، شۇنداقلا 24 سائەتلك تاماقخانا مۇلازىمتىنى يولغا قويدى، ئاممباب باھا، تۆت يۇلتۇزلۇق ئەلا مۇلازىمەت سىزنى كۈتمەكتە!





8 يۈەندىن باشلانغان ھەرخىل چاي، قەھۋە

ئالاھىدە باھا 599 يۈەنلىك توي زىياپەت ئۈستەللىرى قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ!






ئاممباب باھا
مەززىلىك تائام
ئازادە مۇھىت

زاكاز قىلىش نومۇرى: 8539699   0991 - 8525555
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر شىنخۇا جەنۇبىي يولى 618 - نومۇر

# خەقنىڭ نېمە دېيىشى شۇنچە مۇھىممۇ؟

◉ تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى

ھاياتىمىز چەكلىك، ئارمانىمىز چەكسىز. «لاپ»لا قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆمرىمىزدە بىز ئاتلايدىغان «داۋان» كۆپ. ئۇچار قانات، جان - جانىۋار، دەل - دەرەخلەرگە ئوخشاش جاھاننىڭ بىر كارۋىنى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن «يول»دا بىزگە ئۇچرايدىغانلار تالاي. بەزىلەر بىلەن ئوي - پىكىر، مەنپەئەتتە بىردەكلىككە ئىگە بولغاچقا بىز بىلەن دوست، بەزىلەر بىلەن ياشاش جەريانىدىكى ئېھتىياجلار تۈپەيلى قارىمۇ قارشى مەيداندا بولۇپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇلار ئۇۋزىچە بىزگە رەقىب. لېكىن شۇ ئېنىقكى، مەيلى دوستلۇق ياكى دۈشمەنلىشىش بولسۇن ئۆلۈپ كەتسەكلا ھېچقايسىسىنىڭ بىز بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى قالمايدۇ.

مەن دائىم مۇنداق بىر ئىشقا يولۇقمەن: بەزى كىشىلەر مېنى بىر قېتىملىق پايدىلىنىش قورالى قىلماقچى بولۇشىدۇ، لېكىن ئۇلارنى ئارزۇسىغا يەتكۈزمىگىنىمدە ئۇلار ئەسلىدىكى بۆرە تېرىسىنى كىيىپلا چىقىدۇ - دە تەبىئىتىنى ئاشكارىلاپ ھەر قىسما گەپلەر بىلەن مېنى باشقىلارغا يامان كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىلدىكى گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلىغان يارەنلىرىم مېنى ئاقلايدۇ. دوستلىرىمنىڭ مېنى ئاقلىشى، مەن تەرەپتە تۇرۇپ دۈشمەنلىرىمگە زەربە بېرەلىشى ئەلۋەتتە مەردانىلىك، ئەركەكلىك، شۇنداقلا ۋىجدانى بار كىشىلەرنىڭلا قولىدىن كېلىدىغان ئىش. بۇ خىل روھ ناھايىتى قەدىرلىك. ھەرقانداق كىشىنىڭ مۇشۇنداق دوستى بولسا ئۇنىڭ رەقىبىدىن ئەندىشىسى قالمايدۇ. ئاقىلانە، ۋىجدانىي دوستلۇق چوقۇم ئۇلۇغلىنىشى كېرەك. ئەمما مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم، دوستلۇقنى قەدىرلەش ئەمەس. بەلكى قىسقا ھاياتتا ئۆز ئارا دۈشمەنلىشىش ۋە كىشىلەرنىڭ كەينىمىزدىن تاپقان سۆز - چۆچەكلىرىگە، مەنپەئەت ئۈچۈن دوستلاشقانلارنىڭ دوستلۇقىغا ۋاقىت ئىسراپ قىلىشقا ئەرزىمدۇ؟ دېگەنلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت.

ئويلاپ بېقىڭ، يول يۈرگەن كىشى يول بويىدىكى ئەخلەت - چاۋارلاردىن تازىتىپ قاۋاتقان ئىتلارغا قەدەر دىققەت قىلغىلى تۇرسا كۆزلىگەن نىشانىغا قانداقمۇ تېز سۈرئەتتە يېتىپ بارالىسۇن؟ ئارقىڭىزدىن قىلىنغان گەپلەر شۇنچە مۇھىممۇ؟ كۆپىنچە ھاللاردا كىشىلەرنىڭ سىزنى ياخشى - يامان دېيىشى سىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز، بۇ ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بىز ھەرقانچە ياخشى بولۇشقا تىرىشقان بىلەنمۇ سىزنى يامان دەيدىغانلار يەنىلا چىقىدۇ؛ شۇڭا باشقىلارنىڭ سۆزلىرىگە بەك ئېرەن قىلىپ كەتمەي ۋىجدان، ئەخلاق رامكىسىدىن چىقىپ كەتمىگەن دائىرىدە ئەركىن - ئازادە ياشاپ، ئارزۇ - ئارمانلىرىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلساقلا بولىدى.

ئابراھام لىنكولنىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا باشقىلارنىڭ بىزگە قانداق باھا بېرىشى، بىز ھەققىدە نېمىلەرنى دېيىشىشى بىز بىلەن قىلچىلىك مۇناسىۋىتى يوق ئىشلار. خەق بىزنى مەيلى تىللىسۇن، مەيلى ماختىسۇن ئۆز ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرەيلى، خەقنىڭ نېمە دېگىنىگە بەك دىققەت قىلىپ كەتمەيلى. بىزدىن نەپ چىقمىغاندا كەچكەن دوستلىرىمىزغا ئاق يول بولسۇن! ئەتراپىمىزدا نامرات، بىقۇۋۇل ھالىتىمىزنى قوبۇل قىلالايدىغانلاردىن بىر نەچچىسى بولسىلا كۇپايە. بىزنى قوللايدىغان، مەسىلىكداش بولىدىغان ھېچكىم قالمىسىمۇ مەيلى، ئۇلارنىڭ بىزنى تاشلاپ كەتكىنىدىن ئاغرىنمايلى. چۈنكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ياشاۋاتىدۇ، بىزنىڭ ياشاۋاتقىنىمىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ ھاياتى. ھاياتىمىز بۇنچە كۆپ ئىشلارغا باش قاتۇرغىدەك دەرىجىدە ئۇزۇن ئەمەس. دۈشمەنلىك قىلغانلارنى كەچۈرۈۋېتەيلى، تىركىشىشنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەس...

ھاياتىڭىزنى باشقىلارغا زىيادە باغلىۋالماڭ. ھاياتىڭىزنى ئۇلار ئاتا قىلمىغان، شۇنداق ئىكەن ئۇلارنىڭ سىز ھەققىدە نېمە دېيىشى مۇھىم ئەمەس، شۇنداقلا قانداق ياشىشىڭىزمۇ ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ئەرزىمەس مەنپەئەت تۇقۇنۇشلىرىنى بەك مۇھىم ئورۇنغا قويۇۋالماڭ، ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىسىز. سىزنىڭ ھاياتلىقتا بىردىنبىر قىلالايدىغان ئىشىڭىز كەڭ - كۇشادە ياشاپ، ھاياتىڭىزغا ئىگە بولۇپ، گۈزەل ئارمانلىرىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش! ھاياتىڭىزغا داغدامىلىق تىلەيمەن، يارقىن چوققىلار سىزگە يار بولسۇن!

مۇھەررىر: نۇرگۈل روزى
ئېلخەت: 1448746602@qq.com




# CONTENTS مۇندەرىجە


### باشلام سۆز

خەقنىڭ نېمە دېيىشى شۇنچە مۇھىممۇ؟ ................ تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى 1

### سىرداشلار سەيلىگاھى

ئاپام ۋە كىتاب ................................ رەھىمە ئابدۇراھمان 4
ھاياتىمىز كىتابتىن ئايرىلالمايدۇ ........................ تەلئەت قادىرى 6

### ئەبجەش يازمىلار

يوقسۇل ئائىلىنىڭ مىليونېرغا ئايلىنىشى ................... قۇربان مامۇت ئۇيغار 10
شەرقنىڭ ساداسى ـ بۇگۈنكى ئىران كىنوچىلىقى ...... ئەسقەر داۋۇت دەرمانشاھ 14

### ئەدەبىيات ئالىمىدە

باشئەگمەدە ئەدىبلەر يىغلىشى ............................ ياسىنجان ئابدۇۋەلى 19






نەشرىيات باشلىقى: يۈ شيۇخۇا
نەشرىيات باش مۇھەررىرى: جۇرئەت سەيپۇل
نەشرىيات مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مجىت تۇرسۇن





جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ
67 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!


«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
新疆青年维文部编
شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر گېزىت ـ ژۇرناللار نەشرىياتى نەشر قىلدى
新疆青少年报刊社出版

(ئومۇمىي 617 ـ سان)

يېرىم ئايلىق ئومۇمىي ئۇنىۋېرسال ژۇرنال (10 ـ 2016)

نەشرىيات مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى:
ئىجرائىيە باش مۇھەررىر:
تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
ئەدىبە ئابلەت

تەھرىر بۆلۈم مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:
روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش
ئالىم كېرىم كۆكئالپ

مۇھەررىرلەر: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى، زۇمرەت مجىت

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىر، تېخنىك رېداكتور:
ئەنەسجان مۇھەممەت

مەسئۇل كوررېكتور:
نۇرگۈل روزى

سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىسى: تۇردىھاجىم تۇرغۇن
ئېلان بۆلۈمى مۇدىرى: ھەسەنجان ئابدۇراخمان

پوچتا نومۇرى: 830002
ئېلان ئىجازەت نومۇرى:
6500006000034
شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
新疆八艺印刷厂印刷
ژۇرنال نامىنى ئابلىكىم ئەمەت يازغان

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرناللارنىڭ داۋاملىق نەشر قىلىنىش نومۇرى:
(国际标准连续出版物号): ISSN1002 - 9109
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرناللارنىڭ داۋاملىق نەشر قىلىنىش نومۇرى:
(国内统一连续出版物号): CN65 - 1029/C
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: (邮政代码) 58 - 50
پوچتا نومۇرى: (邮政编码) 830002
مۇشتەرى باھاسى: (定价/元) 8.00 يۈەن
پارچە باھاسى: (定价/元) 10.00 يۈەن

地址:乌鲁木齐市人民路 33 号瑞达国际大厦 8 楼

## چىن يۈرەكتىن چىن سۆزلەر


زامانىنىڭ چاقىرىقى: ئۆزگىرىش كېرەك ......................
...................... ئالىم كېرىم كۆكئالىپ 24
پېداگوگىكا توغرىسىدا ............ ئىمانۇئېل كانت(گېرمانىيە) 29


## بىر بەتتە تۆت بەت


گىتلېرغا بولغان.../توكيودا.../توكدانىنى... /جەرىمانە ........ 33


## سېھىرلىك دۇنيا


مېنىڭ ئىسمىم يالغۇزلۇق ............................ ئەزىزى 34
سىمۇول دەرىخى................. ئوسمان تۇرسۇننىياز تۇغلان 35
16 ـ ئاۋغۇست قەشقەر ۋاقتى سائەت 11 ..........................
.......................... ئابدۇراھمان ئابدۇكېرىم زۇلتاپ 36


## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى


قەدىمكى مىسىرلىقلار .................................................. 38
نېفىت ۋە نېفىت تەرەققىياتىغا ئائىت ھېكايىلەر..............................
.............................................. ئادىل غوجالىم 43


## يىپەك ۋادىسىدىن سۆز


لوپ ناھىيەسى نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى..... غالىب بارات ئەرك 46
ئەجدادلاردىكى ھايۋانات، دەل ـ دەرەخ ، نان ۋە تۇزنى ئۇ-
لۇغلاش ئەقىدىسى ........................... ئىلھام مۇھەممەد 51


## تۇرمۇش گېزىتى


ناشتا قىلمىسا/ياشانغانلار ئۇخلاش ھالىتىگە/ئىچىملىك بوتۇلكىلى-
رىنى تەكرار ئىشلىتىشكە بولمايدۇ ........................... 55


## سۇبھى


ئۇچلىغۇچ ............(ھېكايە) .......... مېھرىئاي مۇھەممەد 56
جالالىددىن رۇمىدىن گۈزەل سۆزلەر ............................... 62


## غىدىق غىدىق غىدىق


يۇمۇرلار ........................................................ 63


## خەتتاتلار مۇنبىرى


ياسىن كەرىم ھۆسنخەت ئەسەرلىرى ............................ 64








«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى بۇلاق كىتابخانىسىدىن خۇسۇسىي كىتابخانىلار ۋە ئوقۇرمەنلەرگە تارقىتىلىدۇ. مۇشتەرى بولغۇچىلار ۋە كىتابخانىلار «بۇلاق كىتابخانىسى» بىلەن ئالاقىلىشىڭ.
مۇلازىمەت تېلېفونى: 8562081، 8521633 ـ 0991

بۇلاق كىتابخانىسى ئوقۇتقۇچى ـ ئوستازلارغا ۋە ئوقۇرمەنلەرگە قىزغىن سالام يوللايدۇ.

ھەر خىل كىتابلار ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىغا ھەر ۋاقىت زاكاز قوبۇل قىلىمىز ھەم ئېتىبار باھادا يەتكۈزۈپ بېرىمىز.

شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرناللار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ ياشلىرى»، «قارىمۇ قارشىلىقلىرى»، «كار خانىچى»، «مىستۇدېنت»، «تەپەككۇر» قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ توپ، پارچە سېتىش ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ئورنى ـ بۇلاق كىتابخانىسى.

جۇپ قول كەسپىي سۈرەتخانىسى

ژۇرنىلىمىزدا ئىشلىتىلگەن ئۈرۈمچى «جۇپ قول كەسپىي سۈرەتخانىسى» نامىدىكى فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىنىڭ نەشر ھوقوقى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرناللار نەشرىياتى ۋە ئۈرۈمچى «جۇپ قول كەسپىي سۈرەتخانىسى»غا تەۋە. كۆچۈرۈپ ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى قاتتىق سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

0991 ـ 6766123
WWW.SURATHANAM.COM


بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى

# ئاپام ۋە كىتاب

◉ رەھىمە ئابدۇراھمان





— ئۆيۈڭ بازارغا يېقىنمۇ يا كىتابخانىغىمۇ؟

— خاتىرەمدىن

كىچىكىمدە ئاپامنىڭ سارغىيىپ ھەم يىرتىلىپ ئالدى - كەينى قالمىغان ئۈچ پارچە كىتابنى ئورۇس ساندۇقىنىڭ ئەڭ ئاستىغا سېلىپ ساقلايدىغانلىقى، بەزى كېچىلىرى قارا چىراغ يورۇقىدا ئوقۇپ قويىدىغانلىقى ھازىرقىدەك ئېسىمدە. ئاپام كىتابنى بىزگە تۇتقۇزمايتتى. كىتاب كونا يېزىقتا يېزىلغان بولۇپ بىز لاتىن يېزىقىدا ئوقۇۋاتقاچقا نېمە مەزمۇندىكى كىتاب ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلەلمەيتتۇق.

كېيىنچە ئاپامدىن بۇ كىتابلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى بىلدۇق. بۇ كىتابلار قوشنىمىزنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن يولدىشىنىڭ ئىكەن. بىر كۈنى ئاپام ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرسە نېرۋىسى ئاجىزلاپ قالغان ئايال كىتابلارنى يىرتىپ يىغلاپ ئولتۇرغىدەك. يىرتىۋاتقىنى تولستوي، ئابدۇللا توقاي قاتارلىقلارنىڭ كىتابلىرى بولۇپ ئاپام ئۇ ئايالغا تەسەللى بېرىپ كىتابنى سوراپ ياندۇرۇپ چىقىپتۇ. ئاپاملارنىڭ ئائىلىسى نامرات بولغاچقا كىتاب ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئۇچىسىنى يايپىقۇدەك كىيىم ئېلىشقا قۇربى يەتمىگەچكە ئۆزىنىڭ شۇ قەدەر نامرات شارائىتتىمۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزەلىگىنىدىن ئۆزىنى بەكمۇ بەختلىك ھېس قىلاتتى. قولىغا چۈشۈپ قالغان كىتابلارنى بەك ئاسراپ ساقلايتتى. قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرى ئاپام بىزگە ھېكايە سۆزلەپ بېرەتتى. ئەمدى ئويلاپ باقسام بۇ ھېكايىلەرنىڭ تولىسى مىجەز - خاراكتېرىمىزگە ماسلاشتۇرۇپ ئۆزى توقۇپ چىققان ھېكايىلەر ئىكەن.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ مەدەنىيەت بازارلىرى ئوڭشالغاندىن كېيىن ئاپام ئازغىنا مائاشى بىلەن توققۇز بالىنىڭ تۇرمۇشىدىن ئېشىنىپ كىتاب سېتىۋېلىشقا باشلىدى. ئاپامنىڭ پۈتىدا يىرتىق پايپاق، بېشىدا پەقەت بىر ياغلىقلا قالغان بولسىمۇ كىتاب سېتىۋېلىشتا ئىككىلەنمەيتتى. «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، «ئىلى دولقۇنلىرى»، «چالا تەگكەن ئوق»... ئىشقىلىپ ئاپامنىڭ كىتابلىرى كۆپ ئىدى، ژۇرنالغىمۇ مۇشتەرى بولاتتى.

كەچلىرى قارا چىراغ ئاستىدا بىزگە كىتاب ئوقۇپ بېرەتتى. بىزدىن بۇرۇنراق دادام شىرەگە كېلىۋالاتتى، داداممۇ بىزگە ئوخشاشلا ئاپام ئوقۇپ بەرگەن كىتابلارنى زېھن قويۇپ ئاڭلايتتى.

بۇنىڭدىن 15 يىللار بۇرۇن بولسا كېرەك، بىر ھېيتتا غۇلجىغا بارسام ئاپام قازاقىستانلىق بىر يازغۇچىنىڭ «بىر سۆزۈم بار ئۈچ تىللا» ناملىق كىتابىدىن ئون پارچە سېتىۋاپتۇ.

ئۇنى توققۇز بالىغا بىردىن بېرىپ: «بۇ سىلەرگە بەرگەن ھېيتلىقىم بولسۇن، كىتابتىكى ‹قېرىنداش مېھرى› دېگەن ھېكايىنى بىر نەچچە رەت ئوقۇپ چىقىڭلار» دېدى. كىتابنى ئوقۇپ چىقتىم. كىتابتا ئاساسەن ئائىلە ئىناقلىقى سۆزلەنگەن بولۇپ ئاپامدىن بەكمۇ سۆيۈندۈم. مەنمۇ بىرنەچچە پارچە سېتىۋېلىپ دوستلىرىمغا سوۋغا قىلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئاپام يەنە رەھىمە شامەنسۇرۇۋانىڭ «روھ پاكلىقى دىل جىلۋىسى»، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئېمىننىڭ «ئائىلە»، توختى ھاجى تۈزگەن «ئايالـلار ھەققىدە ھېكمەتلەر» قاتارلىق كىتابلارنى ماڭا ئېلىپ قويۇپتۇ.

مۇنداق بىر ئىش زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. نەچچە يىللار بۇرۇنقى 8 - مارت كۈنى ئىدى. چۈشتىن كېيىن دەم ئېلىشقا قويۇۋەتتى، خىيالىمدا ئاپامنى بازار ئايلاندۇرۇپ كىيىم - كېچەك ئېلىپ بېرىپ، بىرەر ئېسىل تاماقخانىدا مېھمان قىلىش ئويى بىلەن ئۆيگە قايتتىم.

ئادەتتە دائىم ئىشكتىن كىرىشىمگە مەززىلىك تاماقنىڭ ھىدى پۇرايتتى ھەم «كەلدىڭمۇ، تاماق تەييار بولدى، ئۇلارنى بىردەم ساقلايلى» دەيتتى ئاپام. ئاپام كەلگەن ئىككى ئايدىن بېرى تەييار تاماققا ئۇبدانلا كۆنگەندۇق. ئەمما، بۈگۈن ئۆيدە نە تاماقنىڭ پۇرىقى نە ئاپامنىڭ ئاۋازى يوق. ئاشخانىدا لەغمەننىڭ پىلتىسى، چىرايلىق توغراپ قويۇلغان ئوتياشلار تۇراتتى، كىچىككىنە ئۆينىڭ يەنە نەرىنى ئىزدەيمەن؟!

قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىگە چىقىپ بىرەر قۇر سۈرۈشتۈرۈپ باقتىم. تۇغقانلارغا تېلېفون قىلىپمۇ خەۋىرىنى ئالالمىدىم. غۇلجىغا كەتتىمۇ يا؟ مۇمكىن ئەمەس، ئاپامنىڭ پۇتى ئاغرىق، يىراق يەرگە ئۆزى يالغۇز ماڭالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئاپامنىڭ ئىشكاپتىكى كىيىملىرىگە قاراپ باقتىم. كىيىملەر شۇ پېتى ئېسىقلىق. تۇيۇقسىزلا كاللامغا كەلگەن خىيال مېنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى. ئاپامنىڭ قان بېسىمى يۇقىرى، بىرەر ئىش بولمىغاندۇ - ھە؟ ئۇنىڭغىچە يولدىشىم بىلەن باللىرىم كىرىپ كەلدى، مومىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەن كىچىك ئوغلۇم ئۆزى داۋاملىق مۆكۈپ ئوينايدىغان ئىشكىنىڭ كەينىگە، كارىۋات ئاستىغا قاراشقا باشلىدى. يولدىشىم چاقچاق قىلىپ:

— نەچچە كۈندىن بېرى ھېمىتكام (مەھەللىمىزدىكى بويتاق ئادەمنى دېمەكچى) بىزنىڭ بىنانى ئايلىنىپ يۈرەتتى. بۈگۈن خانىم - قىزلار بايرىمى دەپ چاقىرىپ كەتتىمۇ يا؟ — دېدى. ئۇنىڭ چاقچاقلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. «ئاپامغا ئالمادىس بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، قېرىنداشلىرىم ئاپامغا مۇشۇنداق قارىدىڭمۇ دېسە نېمەدەپ جاۋاب بېرەرمەن» دېگەن ئوي بىلەن نېمە قىلىشنى، نەگە بېرىپ ئىزدەشنى بىلەلمەي تۇرسام بالكوندا تۇرغان چوڭ ئوغلۇم:

— ئاپا، مومام كەلدى، — دەپلا پەسكە يۈگۈردى. بالكونغا چىقىپ تاكسىدىن چۈشۈۋاتقان ئاپامنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئورنىغا چۈشتى. باللىرىم ئاپامنى قولتۇقلاپ ئۆيگە كىرىشتى. ئاپامنىڭ قولىدىكى «شىنخۇا كىتابخانىسى» دېگەن يالتىراق خالتىغا قاراپ ھەممىنى چۈشەندىم. شۇنداق بولسىمۇ نارازىلىق بىلەن:

— شۇنداقمۇ ئەنسىرىتەمسەن؟ — دېدىم. ئاپام كۈلۈپ تۇرۇپ:

— يېتىپ كېتىدىغان كىچىك بالا بولمىسام نېمىگە ئەنسىرەيسەن؟ بۈگۈن خانىم - قىزلار بايرىمى ئىكەن. كىيىم - كېچەك ئىشكاپلارغا پاتماي قاپتۇ، شۇڭا كىتاب ئېلىش خىيالىغا كېلىپ كىتاب ئېلىپ كەلدىم، — دەپ يالتىراق خالتىدىن «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت»، «ياخشىلار باغچىسى»، «بەختلىك بولاي دېسىڭىز»، «ئەدەپ ئاچقۇچى» قاتارلىق كىتابلارنى ئېلىپ ماڭا سۇندى. كىتابنى ئېلىۋېتىپ ياشلىرىمنى يوشۇرالماي قالدىم. ئاپامنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ:

— رەھمەت جېنىم ئاپا! بۇ مەن ئۆمرۈمدە قوبۇل قىلغان ئەڭ كاتتا سوۋغات بولدى، — دېيەلىدىم.

بۇلتۇر يېڭى ئۆيگە كۆچتۇم. ئاپام دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ:

— ئۆيۈڭ كىتابخانىغا يېقىن ئىكەن، كىتاب ئوقۇشۇڭغا تېخىمۇ قولايلىق بوپتۇ، — دېۋىدى ئاپامغا بولغان قايىللىقىم، ھۆرمىتىم تېخىمۇ ئاشتى. ھەممە يېقىنلىرىم بازارغا يېقىن دەپ ماختىغان ئۆيۈمنى ئاپام كىتابخانىغا يېقىن ئىكەن، دەپ ماختاۋاتاتتى.

ئاپام ھازىر 75 ياشقا كىردى، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ناھايىتى ياخشى، خاتىرە يېزىپ تۇرىدۇ. رادىيو ئاڭلاپ، پروگراما رىياسەتچىلىرى ۋە قاتناشقۇچىلارنى ماڭا زوق بىلەن سۆزلەپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئىلى رادىيو ئىستانسىسىدىكى لەھەل ياسىننىڭ «شېرىن بۇلاق»، خالمۇرات ماناپىنىڭ «بۇ كېچە سىز تەنھا ئەمەس» پروگراممىسىنى بەكلا ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ. «تەلەي يۇلتۇزى» پروگراممىسىنى كۆرۈپ سورالغان سوئاللارنى جاۋابى بىلەن خاتىرىلەپ نەۋرىلىرى بىلەن تېپىشماق ئېيتىشىدۇ. ئاپامغا قايىل بولماي تۇرالمايمەن. ئاپام توققۇز بالىنى قاتارغا قوشۇش، خىزمەت قىلىش، دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنكى نەۋرە بېقىش جەريانىدىمۇ توي - تۆكۈنلەرنى باھانە قىلىپ كىتاب ئوقۇشنى تاشلاپ قويمىدى. ياشلارنىڭ سومكىسىدا يوق قەلەم - قەغەزلەرنى ئاپامنىڭ سومكىسىدىن تاپقىلى بولاتتى.

ئاپام مېنىڭ ھاياتىمغا تەسىر كۆرسەتكەن ئۈلگەم. مۇشۇنداق كىتابخۇمار، كۆيۈمچان ئاپام بولغىنىدىن سۆيۈنىمەن! ئاپامغا سالامەتلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن.

مۇھەررىر: گۈلنار ئابلىز
ئېلخەت: 2811953716@qq.com

# ھاياتىمىز كىتابتىن ئايرىلالمايدۇ

◉ تەلئەت قادىرى

كىتاب ئوقۇش مەقسەت ئەمەس ۋاستە، چۈنكى بىز ئۆ-
زىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن
كىتابقا مۇراجىئەت قىلىمىز. شۇڭا بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا
كىتاب ئوقۇشنىڭ ئۆزى شۇ ئادەم ئۈچۈن بىر خىل روھىي ئو-
زۇق توپلاش ۋە بىلىم ھاسىل قىلىش جەريانى ھېسابلىنىدۇ.
«كىتاب ئوقۇغۇدەك ۋاقىت يوق» دېگەن بۇ گەپ پەقەت كى-
تاب ئوقۇمايدىغانلارنىڭ ئۆزىنى ئاقلاش باھانىسى، خالاس.

كىتاب ئوقۇشنى تىلغا ئالغاندا كىتابنى قانداق تاللاپ ئو-
قۇش مەسىلىسىنىمۇ ئويلاشماي بولمايدۇ. چۈنكى، ھازىر كى-
تابلارنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ، بىراق ۋاقتىمىز ھەقىقەتەن
قىس ۋە چەكلىك، بارلىق كىتابلارنى ھەرگىزمۇ قارا - قويۇق
ئوقۇپ تۈگىتەلمەيمىز. يەنە كېلىپ كىتابخانىلاردا ھەقىقىي نەپ
تېگىدىغان كىتابلاردىن باشقا، ئانچە قىممىتى بولمىغان پاخال
كىتابلارمۇ يوق ئەمەس. شۇڭا چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە قانداق
كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇشنىڭ ئۆزىمۇ كىتاب ئوقۇشتىن ئۈنۈ-
ملۈك پايدىلىنىشتىكى بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك بىلىم ھېسابلىنىدۇ.
جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلام، ھەر قايسى ساھەلىرىدىكى كى-
شىلەرنىڭ كىتاب ئوقۇشتىكى ئوخشاش بولمىغان ئېھتىياجىنى
نەزەردە تۇتقاندا كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇشتا ئادەتتە تۆۋەن-
دىكىدەك بىر قانچە تەرەپنى چىقىش قىلىش بىرقەدەر ئەقىلگە
مۇۋاپىق، دەپ ئويلايمەن.

بىرىنچى، كەسىپكە دائىر كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇش. كى-
شىلەر جەمئىيەتتە ھەر خىل كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۆز
كەسپىنىڭ ھۆددىسىدىن راۋۇرۇس چىقىش، كەسپىي بىلىم قۇ-
رۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ تۇرۇش ۋە كەسىپتە مۇۋەپپەقى-
يەت قازىنىش ئۈچۈن چوقۇم ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان قورال
كىتابلارنى ئالدىن ئويلىششى لازىم. بۇ شۇ كىشىنىڭ كەسىپ
جەھەتتە ئۇنىۋېرسال بىلىم ھاسىل قىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى
ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، پەرزەنت تەربىيەسىگە دائىر كىتابلارنى





تاللاپ ئوقۇش. مەيلى پەرزەنتلىك بولغان ئاتا ـ ئانىلار بولسۇن ياكى ئاتا ـ ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلار بولسۇن پەرزەنت تەربىيەسىگە دائىر ئوقۇشلۇقلارنى ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى تولىمۇ زۆرۈر. بۇنداق دېسەم ئېھتىمال بەزىلەر كىتابقا قارىمايمۇ پەرزەنتلىرىمىزنى بىر ئوبدان تەربىيەلىگەنغۇ دېيىشى مۇمكىن. بىراق، ھازىر پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەشتە كىتاب ئوقۇمساق بولمايدىغان بىر دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز. ھازىرقى بالىلار ياشاۋاتقان جەمئىيەت ۋە مۇھىت بۇرۇنقى بالىلار (بۈگۈنكى چوڭلار) ياشىغان ۋاقىتقا ئوخشىمايدۇ.

ئۈچىنچى، قىزىقىش دائىرىسىنى چىقىش قىلىش. ئىنساننىڭ قىزىقىشى كەڭ بولىدۇ، بىرلا تەرەپتىكى قىزىقىشقا تايىنىپ ئادەم ئۆزىنى ئەتراپلىق مۇكەممەللەشتۈرەلمەيدۇ. شۇڭا ئادەم ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى تېخىمۇ كۆپ «بوشلۇق»لارنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئويلىغاندا، ئەلۋەتتە تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك كىتاب ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ.

تۆتىنچى، بىلىم سەۋىيەسى، چۈشىنىش ئىقتىدارىنى چىقىش قىلىش. بۇ تەرەپنى كۆزدە تۇتمىغاندا، كىتابتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىگە يېتەلمەي قالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. شۇڭا ھەر كىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئوقۇپ چۈشىنىش ئىقتىدارىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا كىتاب تاللىشى تېخىمۇ ياخشى تاللاش ھېسابلىنىدۇ.

بەشىنچى، داڭلىق كىتابلارنى، قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى كىتابلارنى ئوقۇشقا جۈرئەت قىلىش، سىناپ كۆرۈش، ئۇرۇنۇپ بېقىش لازىم. ئادەم داۋاملىق ئۆزىدە بار ئىقتىداردىن ئىبارەت ئىمكانىيەتنى كۆزدە تۇتۇۋېلىپ، ئادەتتىكى ئاددىي كىتابلارنى ئوقۇۋەرسە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرالمايدۇ، يۈكسەلدۈرەلمەيدۇ. شۇڭا ئادەتتىكى يەڭگىلرەك كىتابلارنى ئوقۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە داڭلىق، قىيىنراق كىتابلارنىمۇ ئوقۇشقا ئادەتلىنىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئادەم ئۆزىنىڭ كىتاب ئوقۇش ئىقتىدارىنىلا ئۆستۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم قۇرۇپ چىقالايدۇ. چۈنكى قۇرۇلۇشتا بېتوندىن ئىبارەت ئۇل تاش كەم بولسا بولمىغاندەك، داڭلىق كىتابلارمۇ بىزنىڭ تەپەككۇردىن ئىبارەت قۇرۇلۇشىمىز ئۈچۈن مەزمۇت بېتون ۋە ئۇل تاشتەك زۆرۈردۇر. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، كىتاب ئوقۇش ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، «ئادەتتىكى كىتابلار بىر ئوقۇلۇش بىلەنلا ئۆزىدىكى مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشكارىلىۋېتىدۇ، لېكىن داڭلىق كىتابلار قازغانغا تۈگىمەيدۇ، ئۇلار ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ بۇلىقى بولۇپ، مەڭگۈ قۇرىمايدۇ.»، «پەقەت ئەقلىمىزدىن ھالقىغان نەرسىلەرلا بىزنى يۈكسەلدۈرەلەيدۇ.» ①

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئادەتتە يەنىلا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆپرەك ئوقۇپ تۇرۇشىمىز كېرەك. چۈنكى ئەدەبىي ئەسەرلەر بىر ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا كىرىشتىكى ئىشىك بېلىتى، شۇنداقلا ئۆزىنى يەنىمۇ چۈشىنىش، ئۆزىدىن ھالقىش، ئۆزلۈكىگە ئۆتۈشتىكى تۇتاشتۇرغۇچى قانال. بۇ نۇقتىنى يازغۇچى جاۋ لىخۇڭنىڭ «سىزگە ئىشىك ئېچىلدى» ناملىق ئەسىرىدىكى تۆۋەندىكى بايانلار تېخىمۇ چوڭقۇر شەرھلەپ بېرىدـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇ: «بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى ماھىيەتتە دەل شۇ مىللەتنىڭ تارىخىدۇر. بىر دەۋرنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرى شۇ دەۋرنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى، يۈرەك ساداسىدۇر، رەڭگارەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش كارتىنىسى، شۇنداقلا دەۋر روھىنىڭ ۋە كىشىلەر ھېسسىياتىنىڭ جەۋھىرى» بولۇپ، «ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئادەمگە بولغان تەسىرى يوشۇرۇن بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش مەدەنىيەت جۇغلاش، ئەقىل جۇغلاش، ھېسسىيات جۇغلاش، بىلىم جۇغلاش جەريانىدۇر.» شۇڭا «ئەدەبىياتتىن خەۋىرى يوق ھالەتتە مەدەنىيەتلىك، يۇقىرى ساپالىق ئادەم بولۇشنى خىيال قىلىش بىمەنىلىكتۇر. ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئەسلا ئوقۇمايدىغان ئادەم ‹ماگىستىر›، ‹دوكتور› ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى ئۇنۋاندىكى ئادەم بولسىمۇ، ئۇ پەقەت ‹ئالىي ئەقىلگە ئىگە ياۋايى ئادەم›دۇر.»② شۇڭا بىز ئۆزىمىزدىكى ئوخشاش بولمىغان «ئېھتىياج»غا ئاساسەن ئوخشاشمىغان مەزمۇن، ئوخشاشمىغان تۈرلەردىكى كىتابلارنى ئوقۇپ تۇرۇشىمىز، بولسا ھەر كۈنى ئاز دېگەندىمۇ بىر - ئىككى سائەت ئەتراپىدا كىتاب ئوقۇشىمىز، يىلدا چوڭراق ھەجىمدىكى كىتابلاردىن ئاز دېگەندىمۇ 10~20 پارچە ئوقۇشىمىز لازىم.

كىتابنى تاللاپ ئوقۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلىغىمۇ دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھەممە كىتابنى قارا - قويۇق ئوقۇپ چىقىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىتاب ئوقۇش ئۈچۈنلا كىتاب ئوقۇساق بولمايدۇ، كىتاب ئوقۇشتا چوقۇم مۇئەييەن بىر نىشان بولۇشى كېرەك. ئەلۋەتتە، مۇشۇنداق نۇقتىدىن چىقىپ تۇرۇپ كىتاب ئوقۇغاندا ۋاقىتنى ئۇتالايمىز ۋە تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك كىتابلارنى ئوقۇيالايمىز. ئادەتتە، بەزى كىتابلارنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى ئوقۇساقلا كۇپايە، چۈنكى بۇ ئارقىلىق پۈتۈن كىتابنى تەپسىلىي ئوقۇش لازىملىقى ياكى ئوقۇمىساقمۇ بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايمىز. يەنە بەزى كىتابلارنىڭ مۇندەرىجىسىنى كۆرۈپ چىقىش، كىتابنى بىر قۇر ۋاراقلاپ ئومۇميۈزلۈك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىشمۇ كىتابنى تېز سۈرئەتتە ئوقۇپ چىقىشنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ياخشى كىتابلارنى، داڭلىق كىتابلارنى، قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى كىتابلارنى چوقۇم تەپسىلىي ئوقۇش، ھەتتا قايتا - قايتا ئوقۇش، كىتابنىڭ «پوستىنى چىقىش» ۋە كىتابنى تولۇق ھەزىم قىلىشىمىز كېرەك. مەسىلەن، نوبېل ئەدەبىياتى مۇكاپاتى ساھىبى ئورخان پاموكنىڭ «يېڭى ھايات» ناملىق رومانىنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەمئىي بەش قېتىم ئوقۇدۇم. دەسلەپكى ئىككى قېتىم بۇ رومانىنى ئوقۇشنى باشلاپ داۋاملاشتۇرالمىدىم، ئۈچىنچى قېتىم رومانىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئوقۇدۇم، يەنە مەغلۇپ بولدۇم، كېيىن رومانىنى يەنە قايتا قولۇمغا ئالدىم ۋە مەجبۇرىي بۇ رومانغا ئىچكىرىلەپ كىردىم. ئەپسۇس كىتابنى ئوقۇپ بولاي دېگەندە ئوقۇرمەن جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك ئۈچ سوئالغا دۇچ كەلدىم، بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى كىتابنىڭ ئوقۇپ بولۇنغان قىسمىدا بولۇپ، مەن ئۇ يەرلەرنى ئېسىمگە ئالالمىدىم - دە كىتابنى يەنە قايتىدىن ئوقۇدۇم. «يېڭى ھايات» مەن ئوقۇغان كىتابلارنىڭ ئىچىدىكى چۈشىنىش تەسرەك بولغان، قىيىنلىق دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان كىتاب. گەرچە بۇ كىتابنى ئوقۇپ چۈشىنىشىم تەسكە توختىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ ئەڭ ياخشى كۆرۈپ ئوقۇغان كىتابلىرىمنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى. بۇ كىتابنى كېيىن يەنە ئوقۇپ چىققۇم بار.

بىز كىتابنى شەكلەن ئوقۇساق بولمايدۇ، چوقۇم چۈشىنىپ ئوقۇشىمىز كېرەك. بىز كىتاب ئوقۇشنى بىر خىل ھوزۇرلۇق ئىش دېگىنىمىزدە، بۇ ھوزۇرنىڭ پۈتۈنلەي كىتابنى چۈشىنىپ ئوقۇشتىن كېلىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشىمىز ۋە ئەستە ساقلىشىمىز لازىم. مېنىڭچە، كالىنىڭ «كۆشەش» ئادىتى كىتاب ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ئۆلگە قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئۇسۇلدۇر. چۈنكى كىتابنى ھەزىم قىلىش، يەنى «كۆشەش» ئۇسۇلى ئاساسىدا ئوقۇماي، كىتابتىكى ھەممە نەرسىنى بىراقلا قارا-قويۇق يۇتۇۋالغان چېغىمىزدا، كىتابمۇ بىزنى بىراقلا يۇتۇۋېتىپ قالىدۇ. بۇنداق چاغدا قوبۇل قىلماسلىقتا تېگىشلىك نەرسىلەرنىمۇ قوبۇل قىلىۋېلىپ، ئىجادىي ئىقتىدارىمىزنى بوغۇپ قويىدىغان، ھەتتا قىممەت قارىشى جەھەتتە «ئېغىش» ئەھۋاللىرىمۇ يۈز بېرىدۇ. شۇڭا كىتاب ئوقۇغاندا تەنقىدىي ئوقۇش، ئىجادىي ئوقۇش ئەڭ ياخشى ئوقۇش ئۇسۇلى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر جەمئىيىتى نېمە سەۋەبتىن كىتاب ئوقۇش كرىزىسىغا دۇچ كەلدى؟ قانداق قىلغاندا كىتاب ئوقۇشنى بىر خىل ئائىلىق رەۋىشتىكى ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن گەپنى يەنىلا ئائىلىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز بۇرۇندىنلا ئۆيلەردە كىتاب ساقلاپ كەلگەن، ئۆي سالغاندا مەخسۇس ئويۇق ۋە تەكچىلەرنى چىقىرىپ، ئۆزلىرى ئەتىۋارلايدىغان كىتابلارنى شۇ جايغا قويۇپ قويغان. خۇددى ئەنگلىيەلىك مۇتەپەككۇر بېكوننىڭ «كىتاب قىممەت باھا يۈكنى ئەجدادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزىدىغان كېمە» دېگىنىدەك، ئەجدادلىرىمىز خەتتاتلىق ماھارىتىگە تايىنىپ نۇرغۇن بۈيۈك ئۆلمەس كىتابلارنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ كەلگەن. قەدىمكى رىم ناتىقى تىستىرون «كىتابسىز ئۆي - جانسىز تەن» دەپ بىكار ئېيتمىغان. كىتابسىز ئۆي ھەرقانچە ھەشەمەتلىك بولسىمۇ، بىراق بۇنداق ئۆيـ

لەردە قانداقتۇر بىر نەرسە كەمدەك يەنىلا بىر خىل نامراتلىق
يېغىپ تۇرىدۇ. ئۆيىمىزدىكى بىرەر كىتاب ئىشكاپى قارىماق-
قا ئادەتتىكى بىر كىتاب ئىشكاپىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى
ئۆز نۆۋىتىدە بىر ئائىلىنى باشقا تىپتىكى ئائىلىلەردىن
پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بىر خىل مەدەنىيەت پاسىلى، شۇ
ئائىلىنىڭ بايلىق چۈشەنچىسى، شۇ ئائىلىنىڭ ئائىلە ساپاسى-
نىڭ چېگرا سىزىقى بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇ قاراشلار بىرەر
دانە كىتاب ئىشكاپىنىڭ باشقا تۈردىكى ئۆي جاھازىلىرى
ئىچىدە يارقىن نۇقتا بولۇپ تۇرىدۇ.

بىر ئائىلىدە كىتاب ئوقۇش مۇھىتىنى بەرپا قىلىش ئۈ-
چۈن ئالدى بىلەن چوڭلار كىتاب ئوقۇشقا كۆڭۈل بۆلۈشى
كېرەك. بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپ كىتاب ئوقۇشقا قىزىق-
تۇرۇشتا ئائىلىدە كىتاب ساقلاش، بالىلارنى كىتابخانىغا، كۇ-
تۇپخانىلارغا ئاپىرىش بىلەن بىللە، ئائىلە ئەزالىرى بىرلىكتە
كىتاب ئوقۇشمۇ ئىنتايىن زۆرۈر. چوڭلار ئۆزىمىز تۈزۈك كى-
تاب ئوقۇماي، ھەدېسە بالىمىزنى كىتاب ئوقۇشقا زورلاش
ئەسقاتمايدۇ. ئەكسىچە، بەزىدە بىرەر ياخشى كىتابنى ئائىلە
بويىچە بىرلىكتە ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىش، بىللە ئوقۇشمۇ
بالىلارنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ ياخشى كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى
يېتىلدۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرسىدۇر. مەيلى قانداق
ئۇسۇل - چارىلەر بولسۇن، بالىلارنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ
كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىقلا بولىدىكەن،
بىزنىڭ بۇ ھەقتە ئىزدەنگىنىمىز ياخشى.

ئادەتتە، ھەر كىم ئۆز ئالدىغا كىتاب ئوقۇيدۇ، بىراق
بەزىدە ئۆزى ياخشى كۆرۈپ ئوقۇغان كىتابلىرىنى ئۆزى بى-
لەن ئوخشاش تۈركۈمدىكى، ئوخشاش قاتلامدىكى يەنى شۇ
خىل كىتابلارنى ئوقۇش دائىرىسىدىكى تونۇش - بىلىشلىرى-
نىڭ ئوقۇشىغا تەۋسىيە قىلىپ تۇرۇشمۇ ياخشى ئەھۋال. چۈن-
كى بۇ بىر ھېسابتا باشقىلارغا ئۇچۇر يەتكۈزۈش ۋە ئۇلارنىڭ
بۇ خىل كىتابلارغا دىققىتىنى تارتىش، ئۇلارنىڭ كىتاب ئوقۇش
تۇيغۇسىنى غىدىقلاش ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، مەن ئادەتتە
داڭلىق كىتابلارنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن شۇنداقلا ئۆ-
زۈم ياقتۇرۇپ ئوقۇغان كىتابلارنى باشقىلارنىڭمۇ ئوقۇپ چى-
قىشىنى تەۋسىيە قىلىپ تۇرىمەن. دوستلار بىلەن، كەسىپ-
داشلار بىلەن ئۇچراشقاندا، ئوقۇغان كىتابىم ھەققىدە گەپ
قىلىمەن، ئۇ كىتابلارنىڭ مەزمۇنىنى تەشۋىق قىلىمەن، شۇن-
داق چاغلاردا خۇددى ئۆزۈمنى باشقىلارغا كىتاب ئوقۇشنى
تەشۋىق قىلىۋاتقان بىر پىدائىيدەك ھېس قىلىمەن. ئويلاپ
باقسام، تەۋسىيەم ئارقىلىق جياگروڭنىڭ «بۆرە توتېمى»،
ئورخان پاموكنىڭ «مېنىڭ ئىسمىم قىزىل»، «يېڭى ھايات»،
مويەننىڭ «پاقا»، «تولغان بەدەن»، «ئوتخور جەمەت» قا-
تارلىق كىتابلىرىنى نۇرغۇن تونۇشلىرىم ئوقۇپ چىقتى. ئۇلار
بىلەن بۇ كىتابلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە باشقا تەرەپلىرى
ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن تەسىرات ئالماشتۇرغان بولدۇق. دې-
مەك، بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر كىتابنى ئوقۇپ چىقىپ
ھېس قىلغانلىرى بىلەن بىر توپ ئادەمنىڭ بىر كىتاب ھەققى-
دىكى تەسىراتلىرى گاھىدا ئوخشاش بولسىمۇ گاھىدا ئوخشاش
بولمايدۇ. شۇڭا مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، بىر پارچە كىتابنى
بىر توپ ئادەم ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، كىچىكرەك دائىرىدە
بولسىمۇ ئۆزئارا سۆھبەت، مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۆ-
زى، بۇ ھەقتىكى تەسىراتنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىششى ۋە تو-
لۇقلىنىشى ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى كىتاب ئوقۇش ئىقتىدارى-
مىزنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق.

---

ئىزاھاتلار:

① «غېرىبنىڭ تەپەككۇرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 -
يىل، 3 - ئاي نەشرى، 167-، 168 - بەت

② تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىك كى-
تاب، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2003 - يىل، 6 - ئاي نەشرى، 3
- بەت

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ پەن - تەتقى-
قات ئاكادېمىيەسىدە)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@sina.com



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# يوقسۇل ئائىلىنىڭ مىليونېرغا ئايلىنىشى

قۇربان مامۇت ئۇيغار

1982 - يىلى، لاۋسۇن بىر كىتابخانا ئېچىپ، كىتاب تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشتى. ئۇزاققا بارمايلا تىجارىتىنىڭ ئانچە ئاقمايۋاتقىنىدىن تىت - تىت بولۇپ، باشقىچە يول تۇتۇش قارارىغا كەلدى ھەمدە ئەتراپتىكىلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە كىتابخانىسىغا مەلۇم مىقداردا پوچتا ماركىسى كىرگۈزۈپ، قوشۇمچە پوچتا ماركىسى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. بۇ دەل جۇڭگو پوچتا ماركىسى توپلاش ئىشلىرىنىڭ يېڭى باھارى يېتىپ كەلگەن مەزگىل بولغاچقا ئۇنىڭ بۇ چارىسى تېزلا ئۈنۈم بەردى، پوچتا ماركىسى تىجارىتى ئوبدانلا ئېقىپ قالدى. بىر يىلدىن كېيىن ئۇ كىتابخانىسىنىڭ يېنىدىن يەنە بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ پوچتا ماركىسى تىجارىتىنى كۆلەملەشتۈردى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن بىرمۇنچە مەبلەغ سالدى. تىجارەت دائىرىسى كېڭەيگەندىن كېيىن ئۇ يېتىشەلمەي قالدى - دە، 20 ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزنى ياللاپ، پوچتا ماركىسى دۇكىنىغا ئورۇنلاشتۇردى.

بۇ قىزنىڭ ئىسمى جاڭ لەن بولۇپ، سودا - سېتىق ئىشلىرىدىن، جۈملىدىن پوچتا ماركىسى سودىسىدىن پەقەتلا خەۋىرى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ھەر كۈنى لاۋسۇننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلاتتى. ئۇزاققا بارمايلا لاۋسۇننىڭ ئاق كۆڭۈل، چىقىشقاق مىجەزى جاڭ لەنگە يېقىپ قالدى. جاڭ لەننىڭ مۇلايىم، ساددا مىجەزىمۇ لاۋسۇنغا يېقىپ قالغانىدى، ئۇ جاڭ لەننى ئۆزىنىڭ قىزى ئورنىدا كۆرەتتى. كىچىكىدىلا ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇ قىز گويا بىر يۆلەنچۈككە ئىگە بولغاندەك تۇيغۇغا كەلدى - دە ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تىرىكچىلىك ئۈمىدىنى ئىختىيارسىز ھالدا لاۋسۇنغا باغلىدى ھەمدە ئانىسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن غەملەپ قويغان 5000 يۈەن پۇلنى ئېلىپ كېلىپ لاۋسۇنغا تاپشۇردى. بۇ ئۇنىڭ لاۋسۇننىڭ دۇكىنىغا «پاي» قوشقانلىقى ئىدى.

بىر كۈنى لاۋسۇن يېڭىلا كىرگۈزگەن بىر تۈركۈم پوچتا ماركىلىرىنى جاڭ لەنگە تۇتقۇزدى ۋە سېتىش باھاسىنى بېكىتىپ بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە «نېلۇپەر» ناملىق پوچتا ماركىسىدىن ئۈچ قاپ (ھەر بىر قاپتا 100 پارچە) بار بولۇپ، لاۋسۇن ئۇنىڭ ھەر بىر پارچىسىنى ئالتە يۈەندىن سېتىشنى جېكىلىدى.

1980 - يىلى تارقىتىلغان ئەسلىي قىممىتى بىر يۈەنلىك بۇ پوچتا ماركىسىنىڭ شۇ يىللاردىكى تاختاي باھاسى (دۆلەت تەرىپىدىن بىر تۇتاش تەڭشەلگەن باھاسى) 1.44 يۈەن بولۇپ، لاۋسۇن تۆت يۈەندىن كىرگۈزگەنىدى. جاڭ لەن بۇ ئىشلارنى بىلمەيتتى، ئۇ پەقەت لاۋسۇن بېكىتىپ بەرگەن باھادا سېتىشنىلا بىلەتتى. دېمەك، پوچتا ماركىسى توپلاشنىڭ ئەھمىيىتى، جۈملىدىن پوچتا ماركىسىنىڭ قىممەت ئاشۇرۇش خۇسۇسىيىتى جاڭ لەنگە قاراڭغۇ ئىدى. لېكىن نېمىشقىدۇر «نېلۇپەر» ناملىق بۇ پوچتا ماركىسىنى ئۆزى ئېلىپ قالغۇسى كەلدى - دە ساتماي ئايرىم قويۇپ قويدى ۋە لاۋسۇندىن بۇ پوچتا ماركىلىرىنى ئىش ھەققىگە ھېسابلاپ بېرىشنى ئۆتۈندى. قىزنىڭ ئىشچانلىقى ۋە سەممىيلىكىدىن رازى بولغان لاۋسۇن ئۇنىڭ پوچتا ماركىسىغا قىزىقىپ قالغانلىقىدىن سۆيۈندى، ئۇنى كىرگۈزگەن باھادا بەرمەكچى بولدى. شۇنداق قىلىپ جاڭ لەن دەسلەپكى قەدەمدە ئۈچ قاپ «نېلۇپەر» ناملىق پوچتا ماركىسىغا ئىگە بولدى. بىراق، ئۇ بۇ پوچتا ماركىلىرىنى نېمە ئۈچۈن سېتىۋالغانلىقى ھەققىدە «بەك چىرايلىقكەن» دېيىشتىن باشقا ھېچنەرسە دەپ بېرەلمەيتتى، بۇ باشلىنىشنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ تەقدىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىدىغان بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئۇ ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدى.

يەنە ئىككى يىل ئۆتتى. لاۋسۇن ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشتىن كېيىن يېڭىدىن كىشىلەر تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان پاي چېكىگە قىزىقىپ قالدى - دە كىتابخانىسىنى تاقاپ، پوچتا ماركىلىرىنى ئېلىشىغا سېتىۋەتتى. ئەنە شۇ پوچتا ماركىلىرى ئىچىدە ھېلىقى «نېلۇپەر» ناملىق پوچتا ماركىسىدىن توققۇز قاپ (900 پارچە) بار بولۇپ، لاۋسۇننىڭ زورلىشى بىلەن ئۇنىڭ ھەممىسىنى ئەرزانلا باھادا جاڭ لەن ئېلىپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ جاڭ لەن ئىككى قېتىمدا جەمئىي 12 قاپ (1200 پارچە) «نېلۇپەر» ناملىق پوچتا ماركىسىغا ئىگە بولدى. ئۇنىڭغا خەجلەنگەن پۇل جەمئىي 5700 يۈەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر پارچە پوچتا ماركىسى4.75 يۈەندىن توغرىلاشتى.

لاۋسۇن كەتتى. جاڭ لەنمۇ ئۆز يولىغا راۋان بولدى. ئۇ-

يگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ تۇرۇپلا ئويلاپ قالدى: «مەن بۇ پوچتا ماركىلىرىنى نېمە ئۈچۈن سېتىۋالدىم؟ پەقەت چىرايلىق بولغانلىقى ئۈچۈنلىمۇ؟ ئۇنى ئەسلىي قىممىتى بويىچە ھېسابلىغاندا ئاران 1200 يۈەن بولىدىكەن، ئەجەبا مەن 5700 يۈەن خەجلەپتىمەنغۇ؟ سۇن تاغام مېنى ئالدىمىغاندۇ ـ ھە؟! ھەممىنى بىراقلا سېتىۋېتەيمۇ ـ ياڭ قەيەرگە ئاپىرىپ ساتىمەن؟!...» بۇ بىر تالاي چىگىش سوئاللارغا ئۇ جاۋاب تاپالمايتتى. ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل ئانىسىمۇ ئۇنىڭدىن سوئاللارنى سوراپ قوياتتى-يۇ، قىزىنىڭ خاتا ئىش قىلمايدىغانلىقىغا ئىشەنگەچكە ئۇنى بەك قىستاپ كەتمەيتتى. شۇنداق قىلىپ، جاڭ لەن ئۇ پوچتا ماركىلىرىنى پۇختا ئوراپ، «كېيىن بىر گەپ بولار» دەپ ئانىسىنىڭ ساندۇقىغا سېلىپ قويدى.

20 يىل ئۆتتى. جاڭ لەن ئوتتۇرا ياشلىق ئايالغا ئايلاندى. ئەمما ئۇنىڭ تەلىيى كاج كېلىپ، ھېچقانداق ئىش تەۋرەتەلمىدى. ئۇ ئىشلەيدىغان زاۋۇتقا ئورۇنلاشقانىدى. كېيىن زاۋۇت ۋەيران بولۇپ، ئەر ـ ئايال ئىككىلىسى ئىشتىن ئايرىلىپ تەس كۈنگە قالدى. شۇ يىللاردا ئىشتىن قالغانلار كۆپ بولغانلىقتىن جان باققۇدەك بىرەر ئىش تېپىشمۇ تەس ئىدى. جاڭ لەن دوقۇرۇپ يۈرۈپ، ھاجەتخانىغا قارايدىغان بىر ئىشقا ئاران ئۇلاشتى، ئايدا 500 يۈەن ئىش ھەققى ئالاتتى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئېرىمۇ ھارۋا سۆرەپ كىراكەشلىك قىلىپ، ئېيىغا 500 نەچچە يۈەن پۇل تاپاتتى. جاڭ لەننىڭ ئىش تېپىشى بۇ ئائىلىگە خۇشاللىق ئاتا قىلدى، چۈنكى ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ 1000 يۈەن تاپاۋىتى بىلەن ھەر ھالدا بىر ئائىلىنى قامداپ كەتكىلى بولاتتى. بىراق، خۇشاللىق ئۇزاققا بارمىدى. جاڭ لەن يەنە ئىشسىز قالدى.

جاڭ لەن بۇ بېسىملارغا چىداشلىق بېرەلمىدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ مەقسەت ـ نىشانسىز ئايلىنىپ دەريا بويىغا كېلىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ، بۇ ئادالەتسىز دۇنيادىن بىراقلا قۇتۇلماقچى بولدى. شۇئان ئۇنىڭ مېھرىبان ئانىسى، چىرايلىق ئوغلى ۋە جاپاكەش ئېرى كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. بىراق ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، پىكىر ـ خىياللىرى چىگىشلەشتى. ئۇ دەريا بويىدىكى تۆمۈر رېشاتكىدىن ئارتىلدى. توساتتىن ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىر بوۋاي پەيدا بولدى.

— قىزىم، بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقىدەك نېمە دەرد كەلدى سىزگە؟— دېدى بوۋاي جاڭ لەننىڭ پېشىدىن تارتىپ.

جاڭ لەن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، 70 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئاقباش بوۋاينىڭ مۆكچىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— ئىشتىن قالدىم، تەستە تاپقان ئىشىمنىمۇ باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويدۇم، تىرىكچىلىكنىڭ يولىنى پەقەت تاپالمىدىم،— دەپ زارلاندى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ.

— ئەرزىمەيدۇ، ئەرزىمەيدۇ! — دېدى بوۋاي ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىغاچ، — بۇنچىلىك ئىش ئۈچۈن ھاياتتىن كېچىشكە ئەرزىمەيدۇ. ئىشتىن قالغان، قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويغان بولسىڭىز، يەنە يېڭىباشتىن باشلىسىڭىز بولىدىغۇ! مەن قېرى جېنىمدا نەچچە يىقىلىپ ـ قوپۇپ، نەچچە ئۆلۈپ ـ تىرىلىپ، دەريا بويىدا سەيلە قىلىپ يۈرۈۋاتىمايمەنمۇ مانا!

جاڭ لەن توساتتىن بۇ بوۋاينىڭ بەكمۇ تونۇش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، ئەمما قەيەردە كۆرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدى. بىر ھازا جىمجىتلىقتىن كېيىن بوۋاي ھەيرانلىق بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— سىز جاڭ لەنمۇ، نېمە؟

جاڭ لەنمۇ بوۋاينى ئەمدى ئېسىگە ئالدى:

— ۋوي، سىز سۇن تاغامكەنسىزغۇ!

— شۇنداق، مەن لاۋسۇن شۇ.

ئۇلار ئۇزۇن يىل دىدارلاشمىغان قېرىنداشلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە قىزغىن سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتتى. سۆھبەتتىن مەلۇم بولدىكى، لاۋسۇن بىر قانچە يىل پاي چېكى ئويناپ ۋەيران بولغان ۋە پوچتا ماركىسى تىجارىتىگە يېڭىباشتىن قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋالغانىدى. ئۇ پوچتا ماركىسى تىجارىتىگە قايتىپ كەلگەندىلا جاڭ لەننىڭمۇ قايتىپ كېلىشىنى ئارزۇ قىلغان، ئەمما دېرىكىنى ئالالمىغانىدى. گەپ پوچتا ماركىسى ئۈستىدە كېتىۋاتقان ئاشۇ پەيتتە، بوۋاي بىلەن جاڭ لەننىڭ ئېسىگە بىرلا ۋاقىتتا ھېلىقى «نېلۇپەر» ناملىق پوچتا ماركىسى كەلدى بولغاي:

— ھېلىقى پوچتا ماركىسى... — دېدى ئىككىيلەن تەڭلا.

— ئۇ پوچتا ماركىلىرىنى ئاللىقاچان سېتىۋەتكەن بولغىيدىڭىز؟— سورىدى بوۋاي ئۇلاپلا.

— ياق، ئۇ پوچتا ماركىلىرى بەك چىرايلىق بولغاچقا سېتىۋېتىشكە كۆزۈم قىيمىغان. كېيىن سېتىۋېتەي دەپمۇ ئويلىدىم، ئەمما قەيەرگە ئاپىرىپ سېتىشنى بىلەلمىدىم، — دېدى جاڭ لەن، — ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ 12 قاپ پوچتا ماركىسى ماڭا 5 ـ 6 مىڭ يۈەنلەرگە توختىغان، ھازىر قانچە پۇلغا يارار؟ 10 مىڭ يۈەنلەرگە ساتقىلى بولارمۇ؟!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ لاۋسۇن ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى.

— ئۇ پوچتا ماركىلىرى راستىنلا ھازىرمۇ بارمۇ؟! — دەپ يېنىشلاپ سورىدى ئۇ ئىشەنگۈسى كەلمەي.

— راست دەۋاتىمەن، ئۇ پوچتا ماركىلىرى ھېلىمۇ ئانامنىڭ ساندۇقىدا ساقلاقلىق.

— يۈرۈڭ، — دېدى لاۋسۇن جاڭ لەننىڭ پېشىدىن تارتىپ، — بېرىپ ئۇ پوچتا ماركىلىرىغا قاراپ باقايلى.

شۇ تاپتا جاڭ لەننىڭ تەس كۈنگە قېلىپمۇ ئۇ پوچتا ماركىلىرىنى سېتىۋەتمەي ساقلاپ كەلگەنلىكىدىن لاۋسۇن ھاياجا-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

لىنىپ كەتكەندى.

— ئۇ پوچتا ماركىلىرى راستىنلا پۇلغا يارامدۇ؟! — سورىدى جاك لەن ئىشەنگۈسى كەلمەي.

— جاك لەن، — دېدى لاۋسۇن ھاياجىنىنى باسالماي، — ھازىر ئۇ پوچتا ماركىلىرىنىڭ قانچە پۇلغا يارايدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟!

— راستىنلا 10 مىڭ يۈەنگە يارارمۇ؟!

— بىلىپ قويۇڭ، ھازىر ئۇنىڭ ھەممىسى ئەمەس، پەقەت 10 پارچىسىلا 10 مىڭ يۈەنگە يارايدۇ، 12 قاپ پوچتا ماركىسى بىر مىليون 200 مىڭ يۈەن دېگەن گەپ!

جاك لەن قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى، ئۇ ھەتتا «چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ، نېمە؟» دەپمۇ ئويلىدى. ئەمما بۇ چۈش ئەمەس ئىدى. 500 يۈەنلىك خىزمەتنى تارتقۇزۇپ قويغىنىدىن ئازابلىنىپ ھاياتلىقتىن ئۈمىد ئۈزۈۋاتقان بۇ يوقسۇل ئايال شۇ تاپتا مىليونېرغا ئايلىنىش ئالدىدا تۇراتتى.

جاك لەننىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى، ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى. ئاندىن بىردىنلا ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

— يىغلىماڭ قىزىم، يىغلىماڭ! ھازىر سىز يىغلىماي خۇشال بولسىڭىز بولىدۇ.

توغرا! ئۇ ئىلگىرىمۇ تالاي قېتىم يىغلىغان، ئەمما بۈگۈنكىدەك ئۈن سېلىپ يىغلاپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ ئىش ئىزدەپ سەرسان بولۇپ يۈرۈشلىرى، ئوغلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن قەرز سوراپ كىشىلەر ئالدىدا بويۇن قىسىپ تۇرۇشلىرى، ئاھانەت، خورلۇققا ئۇچراشلىرى، بىچارە ئېرىنىڭ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپ ھارۋا سۆرەشلىرى...چاقماق تېزلىكىدە خىيال ئېكرانىدا نامايان بولدى. ئۇنىڭ خىيالى ئاخىر لاۋسۇنغا كېلىپ توختىدى.

— سۇن تاغا، — دېدى ئۇ ئۆزىنى يىغىدىن ئاران توختىتىپ، — ئۇ پوچتا ماركىلىرىنى راستىنلا شۇنچىلىك پۇلغا ساتقىلى بولسا ئۇ پۇلنىڭ يېرىمى سىزنىڭ بولسۇن، چۈنكى ئۇ پوچتا ماركىلىرىنى سىز ماڭا بەرگەن!

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ قىزىم؟ ھەر كىمنىڭ رىزقى ئۆزى بىلەن بىللە، ئۇ ئۆزىڭىزنىڭ رىزقى.

لاۋسۇن تاكسىدىن بىرنى توختاتتى - دە جاك لەننى ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى...

شۇنداق قىلىپ، ئەينى يىللىرى 5700 يۈەنگە سېتىۋېلىنغان پوچتا ماركىسى 20 يىلدىن كېيىن 1 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە سېتىلدى (ناۋادا بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلانغان بولسا، ئەڭ كەمدە 2 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يارىغان بولاتتى).

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە جاك لەن بىلەن لاۋسۇن ئوتتۇرىسىدا مۇنداق بىر دىيالوگ بولۇپ ئۆتتى:

— سۇن تاغا، سىز ھېلىقى چاغدا بەك كۆپ پوچتا ماركىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىۋەتكەنىدىڭىز، ھازىرقى باھادا قانچە پۇلغا يارار ئىدى؟

— ئەڭ كەمدە 20 - 30 مىليون يۈەنلىك بىر نەرسە بولاتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، «ھۈنەر - سەنئەت» ناملىق پوچتا ماركىسىدىن 20 قاپنى 30 مىڭ يۈەنگە سېتىۋەتكەن، ھازىرقى باھادا 2 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يارايتتى. «ئەگمە كۆۋرۈك» ناملىق پوچتا ماركىسىدىن 10 قاپنى 15 مىڭ يۈەنگە سېتىۋەتكەن، ھازىرقى باھادا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يارايتتى. «كىچىكىدىن باشلاپ ئىلىم - پەننى سۆيۈش» ناملىق پوچتا ماركىسىدىن 20 قاپنى 70 مىڭ يۈەنگە سېتىۋەتكەن، ھازىرقى باھادا 12 مىليون يۈەنگە يارايتتى. «مايمۇن يىلى» ناملىق پوچتا ماركىسىدىن 10 تاختىنى 8000 يۈەنگە سېتىۋەتكەن، ھازىرقى باھادا 2 مىليون يۈەنگە يارايتتى. يەنە... ۋاي بولدىلا قايسىبىرىنى دەپ بولاي!

لاۋسۇن دەۋاتقان ئۇ پوچتا ماركىلىرى بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلانغان بولسا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 4 مىليون يۈەن، 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن، 24 مىليون يۈەن ۋە 15 مىليون يۈەنگە يارىغان بولاتتى.

— پۇشايمان قىلامسىز؟

— ياق، پۇشايمان قىلمايمەن. چۈنكى پوچتا ماركىسى توپلاش ساھەسىدە بۇنداق ئىشلار بەك جىق، ھەممىگە پۇشايمان قىلىپ كەلسەك ئۆزىمىزنى تۈگەشتۈرۈپ قويىمىز.

— سۇن تاغا، سىزگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. شۇ يىللاردا سىزگە يولۇقمىغان بولسام مېنىڭ بۈگۈنكى كۈنۈم بولمايتتى. پوچتا ماركىسىنىڭ تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن.

— ...

شۇنداق، پوچتا ماركىسى جاك لەننىڭ تەقدىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى. جاك لەن شۇنىڭدىن باشلاپ پوچتا ماركىسى تىجارىتىگە رەسمىي قەدەم قويدى ۋە كېيىنكى يىللاردا يىللىق تىجارەت سوممىسى 10 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان پوچتا ماركىسى سودىگەرلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

پوچتا ماركىسى ئويلىمىغان يەردىن قىيىن كۈنگە قالغان بىر بىچارىنى توققۇزى تەل بايۋەچچىگە، بىر يوقسۇل ئايالنى دۆلەتمەن خانىمغا، بىر نامرات ئائىلىنى پۇلدار جەمەتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

پوچتا ماركىسى يېڭى بىر دەۋرنى، يېپيېڭى بىر دۇنيانى ياراتتى...

## سىزمۇ مىليونېرغا ئايلىنالايسىز!

مىليونېر دېگەن نېمە؟ تار مەنىدىن تاپقان پۇلى مىليون يۈەندىن ئاشقان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ؛ كەڭ مەنىدىن مال -

دۇنياسى بەك كۆپ، پۇلنى ۋاراقلاپ ئەمەس، كاللەكلەپ سانايدىغان كاتتا بايلارنى كۆرسىتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگولۇقلار ئارىسىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قانچىلىك مىليونېر بار؟ ئۇنىڭ ھېسابىنى چىقىرىپ بېرەلمەيمىز. بىراق، رېئال تۇرمۇشتا پۇرسەت ئېڭى، رىقابەت قارىشى، تەپەككۇر ئادىتى، تاللاش ۋە تەدبىر - ھەرەجلىرى قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن مىليونېرلار سېپىگە يېقىن بارالماي، ئۇنىڭغا يېقىنلىششقا جۈرئەت قىلالماي ۋە ياكى يېقىنلىششنىڭ يوللىرىنى تاپالماي تىنەپ - تەمتىرەپ يۈرگەن ئادەملىرىمىز ھەددى - ھېسابسىز.

ئۇنداقتا، سىز يىللىق پايدىسى پىرسەنت بويىچە ئەمەس، بەلكى ھەسسىلىك سان بىلەن ھېسابلىنىدىغان، يەنى سىزگە ئون ھەسسىلەپ، يۈز ھەسسىلەپ، مىڭ ھەسسىلەپ... پايدا - مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغان يېڭى بىر ساھەگە — پوچتا ماركىسى ياكى پۇلغا، بولۇپمۇ ئالاھىدە نومۇرلۇق پۇللارغا مەبلەغ سېلىشنى ئويلىشىپ باقتىڭىزمۇ؟ قانچىلىك ئويلىشىپ باقتىڭىز؟ سىزنىڭمۇ باشقىلاردەك كاتتا مىليونېر ۋە باي - زەردارلارغا ئايلانغىڭىز بارمۇ؟!

چۈشەنسىڭىز، بۇ شېرىن چۈش ئەمەس، بەلكى گۈزەل ئارزۇلىرىڭىزنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدىغان خەيرلىك مۇساپە. يىراقتىن گەپ ئاچماي ھازىرقى گەپنى قىلساق: ناۋادا سىز بۇ يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، شۇ كۈنى تارقىتىلغان «مايمۇن يىلى» ناملىق پوچتا ماركىسىدىن 2000 تاختا ئېلىپ قويالىغان بولسىڭىز (ئەسلىي قىممىتى 38.40 يۈەنلىك بۇ پوچتا ماركىسىنىڭ نۆۋەتتىكى بازار باھاسى 800 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى)، بۈگۈنكى كۈندە ئەڭ كېمىدە 1 مىليون 600 مىڭ يۈەنلىك بايۋەچچىگە ئايلانغان بولاتتىڭىز.

ناۋادا 10 يىللار ئىلگىرى 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، بەشىنچى يۈرۈش پۇلنىڭ ھەممە نومۇرلىرى ئوخشاش ھالەتتە گۇرۇپپىلانغان ئالاھىدە نومۇرلۇقلىرىدىن 16 توپلام ئېلىپ قويغان بولسىڭىز (بۇ خىل پۇلنىڭ شۇ يىللاردىكى بازار باھاسى 5000 يۈەن ئەتراپىدا ئىدى، نۆۋەتتە 500 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى)، بۈگۈنكى كۈندە ئەڭ كېمىدە 8 مىليون يۈەنلىك كاتتا مىليونېرغا ئايلانغان بولاتتىڭىز.

ناۋادا 20 يىللار ئىلگىرى 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئۈچىنچى يۈرۈش 10 پۇڭلۇق پۇلنىڭ ئالاھىدە نومۇرلۇقلىرىدىن تۆت توپلام ئېلىپ قويغان بولسىڭىز (بۇ خىل پۇلنىڭ شۇ يىللاردىكى بازار باھاسى 20 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ئىدى، نۆۋەتتە 20 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى)، بۈگۈنكى كۈندە ئەڭ كېمىدە 80 مىليون يۈەنلىك باي - زەردارغا ئايلانغان بولاتتىڭىز.

ناۋادا 30 يىللار ئىلگىرى 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 1980 - يىلى تارقىتىلغان «مايمۇن يىلى» ناملىق پوچتا ماركىسىدىن 100 تاختا ئېلىپ قويغان بولسىڭىز (ئەسلىي قىممىتى 6.40 يۈەنلىك بۇ پوچتا ماركىسىنىڭ شۇ يىللاردىكى بازار باھاسى 800 يۈەن ئەتراپىدا ئىدى، نۆۋەتتە 1 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى)، بۈگۈنكى كۈندە ئەڭ كېمىدە 150 مىليون يۈەنلىك باي - زەردارغا ئايلىنىشىڭىزدا گەپ يوق ئىدى.

ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ئېلىپ قويغان بولسىڭىزچۇ؟ ئۇنىڭ ھېسابىنى ئۆزىڭىز قىلىپ كۆرۈڭ. ئەتراپىڭىزدا قىممىتى ئون ھەسسىلەپ، يۈز ھەسسىلەپ، مىڭ ھەسسىلەپ... ئېشىپ بارىدىغان يەنە قانداق نەرسىلەرنىڭ ياكى مەبلەغ سېلىش ۋاستىلىرىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئۆزىڭىز ئىزدەپ ياكى ھېسابلاپ - دىتلاپ كۆرۈڭ...

دېمەك، سىز سودا - تىجارەت ياكى مەبلەغ سېلىش ساھەسىدە 80 مىڭ يۈەن دەسمايىدىن بىر يىلنىڭ ئىچىدىلا 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن، 10 يىلدا 8 مىليون يۈەن، 20 يىلدا 80 مىليون يۈەن، 30 يىلدا 150 مىليون يۈەن ئۇندۇرگەن رىۋايەتنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟ بىراق، بۇ رىۋايەت ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ ئەتراپىدىلا يۈز بەرگەن، يۈز بېرىۋاتقان ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئىشلار...

چۈشەنسىڭىز، كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس. پۇرسەتنى چىڭ تۇتسىڭىز ھەم ھازىردىن باشلاپ مەبلەغ سالسىڭىز، كاتتا مىليونېر ۋە باي - زەردارلارغا ئايلىنىش مۇساپىڭىزمۇ كۆز ئالدىڭىزدىلا! بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت ئازراقلا نېرىسىنى تەپەككۇر قىلالىسىڭىز، ئازراقلا يىراقنى كۆرەلىسىڭىزلا كۇپايە...

قېنى ئەمىسە، «ۋىكتورىيە»گە مۇراجىئەت قىلىڭ. پوچتا ماركىسى ياكى پۇل توپلاش، پوچتا ماركىسى ياكى پۇلغا مەبلەغ سېلىشتىكى ئاقىل مەسلىھەتچىڭىز ۋە قابىل يېتەكچىڭىز مۇشۇ يەردە! ئۇنۇملۇك مەبلەغ سېلىش ۋە يۇقىرى قىممەت يارىتىشتىكى ئاقىلانە تاللىشىڭىز مۇشۇ يەردە! كاتتا مىليونېر ۋە باي - زەردارلارغا ئايلىنىش ئۈمىدىڭىز مۇشۇ يەردە! گۈزەل ئارزۇلىرىڭىزنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ خەيرلىك مۇساپىسى مۇشۇ يەردىن باشلانغۇسى!

ئاقىلانە تاللاش ۋە مۇۋەپپەقىيەت - ئامەت سىزگىمۇ نېسىپ بولغاي!!

«ۋىكتورىيە» ئاز سانلىق مىللەتلەر پوچتا ماركىسى ۋە پۇل توپلاش مۇلازىمەت مەركىزى سىز ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلىدۇ.

مۇلازىمەت مەركىزى ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 835 - نومۇر «گۇاڭخۇي» سارىيى 18 - قەۋەت.

مۇھەررىر: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش
ئېلخەت: rozimuhemmet@qashtash.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# شەرقنىڭ ساداسى — بۈگۈنكى ئىران كىنوچىلىقى

◉ ئەسقەر داۋۇت دەرمانشاھ

2012 - يىلى ئاسىيا قىتئەسىدە ئىشلەنگەن كىنو فىلىمدىن ئىككىسى تەڭلا «ئوسكار مۇكاپاتى» نامزاتلىقىغا يوللاندى. ئۇنىڭ بىرى، جۇڭگونىڭ كىنو رېژىسسورى جاڭ يىموۋ رېژىسسورلۇق قىلغان «جىنلىڭدىكى 13 ساھىبجامال» ناملىق فىلىم، يەنە بىرى ئىراندا ئىشلەنگەن، ئىرانلىق رېژىسسور ئەسقەر قەرفادى رېژىسسورلۇق قىلغان «ئاجرىشىش ماجىراسى» ناملىق فىلىم. «جىنلىڭدىكى 13 ساھىبجامال» فىلىمگە 600 مىليون يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىنغان، كىنو سەنئىتى تەرەققىي قىلغان 26 دۆلەتنىڭ ئىجادىيەتچىلىرى قاتناشتۇرۇلغان. «ئاجرىشىش ماجىراسى» فىلىمگە بولسا 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلا سەرپ قىلىنغان، يەنە كېلىپ فىلىمنىڭ رېژىسسور، ئوپېراتور، ئاكتىيور، سىنارىستلىرىدىن تارتىپ ھەممىسى ئىراننىڭ كىنو سەنئەتكارلىرى ۋە ئاددىي پۇقرالىرىدىن تەشكىللەنگەن.

«جىنلىڭدىكى 13 ساھىبجامال» فىلىمى ئىشلىنىپ، جۇڭگونىڭ چوڭ - كىچىك شەھەرلىرىدە داغدۇغىلىق قويۇلۇش بىلەن بىرگە، جۇڭگو جامائەتچىلىكى بىردەك ھاياجانلىنىپ «بۇ فىلىم تارىخىمىزدىكى مۇسىبەتلىك نەنجىڭ چوڭ قىرغىنچىلىقىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ ئىشلەنگەن، ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ياۋۇز قىياپىتى ئەينەن يورۇتۇپ بېرىلگەن كاتتا فىلىم، ئۇ چوقۇم ئوسكار مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ» دەپ جەزملەشتۈرگەن ۋە چوقان سالغانىدى. ئەمما، نەتىجە ئۇنداق بولمىدى، دۇنيا كىنوچىلىق ساھەسىدىكى ئەڭ كوزۇر بۇ مۇكاپات «ئاجرىشىش ماجىراسى»غا بېرىلدى. ئوسكار مۇكاپاتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەنگەن، نۇرغۇن مەبلەغ سېلىنغان، كۆپلىگەن چەت ئەل سەنئەتكارلىرى ئىشتىراك قىلىنغان بۇ فىلىم ئېرىشەلمىگەن مۇكاپاتقا نېمە ئۈچۈن ئاددىي تۇرمۇش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئازلا مەبلەغ سېلىنغان، بىر نەچچە ئاكتىيور ۋە ئاددىي پۇقرالار بىلەنلا ئىشلەنگەن «ئاجرىشىش ماجىراسى» ئېرىشەلىدى؟ يەنە كېلىپ ئىشلىنىش ۋە قويۇلۇش جەريانىدا ئوسكار مۇكاپاتىنى قولغا كەلتۈرۈشنى خىيال قىلىپمۇ باقمىغان بۇ فىلىم قانداق قىلىپ ئىجادكارلار ئۆزىمۇ ئويلاپ باقمىغان شان - شۆھرەتكە نائىل بولالىدى؟ مانا بۇ دەل ئىران كىنوچىلىقىنىڭ سېھرىي كۈچى، مانا بۇ پۇل بىلەن سەنئەتنىڭ كەسكىن دىيالوگى، مانا بۇ دەل ئىنسان روھى ۋە ئىنسانىي تۇيغۇنىڭ ھەقىقىي سەنئەتكە ئۆزىنىڭ ئالتۇن مۆھرىسىنى باسىدىغانلىقىنىڭ يارقىن ئىپادىسى.

«ئاجرىشىش ماجىراسى» ناملىق بۇ فىلىم ھەقىقەتەن ئاز مەبلەغ بىلەن ئىشلەنگەن. ئالاھىدە زور كۆرۈنۈشلىرى ۋە كىشىلەرنى ھەيرانۇ - ھەس قالدۇرىدىغان ئاللىقانداق سيۇژېتلاردىن مۇستەسنا، ئالاھىدە تېخنىكىلىق مەشغۇلاتلىرى، ئالاھىدە ھەيۋەتلىك مەيدانلىرىمۇ بولمىغان، ئائىلىدىكى قىسمەن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاجراشماقچى بولغان بىر جۈپ ئەر - ئايالنىڭ زىددىيەتلىك تۇيغۇسى ئىپادىلەنگەن ئادەتتىكى بىر فىلىم. فىلىمنىڭ ئۇتۇقى دەل مۇشۇنداق ئاددىيلىقىدا، ئاشۇ ئاددىيلىق ئەكس ئەتتۈرگەن ئىنسان خاراكتېرىدىكى نەپىسلىك ۋە ئۇلۇغلۇقتا.

مەزكۇر فىلىم يەر شارى مىقياسىدا قويۇلۇپ نەچچە يىل ئىچىدىلا خەلقئارادىكى 52 تۈرلۈك كىنو كۆرىكىگە قاتناشتى، 73 تۈر بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 2011 - يىل ئاخىرىدا بۇ فىلىم دۇنيا كىنوچىلىق مۇنبىرىدىكى يەنە بىر كاتتا مۇكاپات — «بېرلىن خەلقئارا كىنو فېستىۋالى»دا ئەڭ نادىر فىلىم مۇكاپاتىغا، فىلىمدىكى ئۈچ ئەر ئاكتىيور «ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەر باش رولچى» مۇكاپاتىغا، ئىككى ئايال ئاكتىيور «ئەڭ مۇنەۋۋەر ئايال باش رولچى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. خەلقئارادىكى ھەر قانداق بىر كىنو كۆرىكىدە بىر فىلىمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا تەسىس قىلىنغان مۇكاپات تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىگە نائىل بولىدىغان، مۇكاپاتقا قاتناشتۇرۇلغان بىر فىلىمدىن بەش نەپەر ئوبراز ياراتقۇچى بىرلا ۋاقىتتا مۇكاپاتلىنىدىغان ئەھۋال كەمدىن كەم

ئۇچرايدۇ. دېمەك، ئىراندا ئىشلەنگەن بۇ فىلىم دۇنيا كىنو مۇكاپاتى تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپىنى ئاچتى. مانا بۇ بەدىئىي سەنئەتنىڭ كۈچى، مانا بۇ كىنودىن ئىبارەت تەقلىدىي رېئاللىقنىڭ جۇلاسى، مانا بۇ ئىراننىڭ بۈگۈنكى كىنوچىلىقىنىڭ سېھرىي كۈچى.

ئىران تىپىك غەربىي ئاسىيا مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە قەدىمىي دۆلەت. زېمىن جەھەتتە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كۆلىمى بىلەن تەڭ كېلىدۇ. زامانىۋىلىق دەرىجىسى خەلقئارادا ئوتتۇراھال سەۋىيەدە بولۇپ، دىنىي مۇھىت، شەرىئەت مىزانلىرى كۈچلۈك بۇ دۆلەتتە ئىشلەنگەن كىنو ـ فىلىملەر نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئالقىشلىنىدۇ؟ كىنودىن ئىبارەت غەرب دۇنياسىدا پەيدا بولۇپ، تەرەققىي قىلىپ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا پەيدىنپەي ئومۇملاشقان بۇ ياش سەنئەت نېمە ئۈچۈن ئىران تۇپرىقىدا شۇنچە ئۈنۈملۈك، ئۆزگىچە ۋە تېتىملىق مېۋە بەردى؟ ئەسلىدىنلا غەرب زامانىۋى مەدەنىيىتىگە خاس بۇ سەنئەت تىپىك شەرق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە دۆلەتتە نېمىشقا شۇنچە خۇشپۇراق چاچالىدى؟ بۈگۈنكى خەلقئارا مەسىلىلەردە بىتەرەپ ياكى رادىكال پوزىتسىيەدە تۇرۇۋاتقان، ياكى ھەدېگەندىلا غەرب ئەللىرىنىڭ چىشىغا تېگىۋاتقان بۇ دۆلەت غەرب ئەللىرىنىڭ قولىدىكى شۇنچە كۆپ كىنو مۇكاپاتلىرىنى نېمىشقا ئاسانلا يۇلۇپ ئالالىدى؟!

ئاسىيا قىتئەسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئىران ئېگىزلىكىگە جايلاشقان، ئۇزاق قەدىمكى زامانلاردا «پېرسىيە» دەپ ئاتالغان 5000 يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ دۆلەت ئۆز تارىخىدا ئىنسانىيەتكە سانسىز مەدەنىيەت ئۆرنەكلىرىنى تەقدىم ئەتكەن. دۇنيادىكى بەش قەدىمكى مەدەنىيەتلىك دۆلەتنىڭ بىرى بولغان ئىراندا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 6 ـ ئەسىردىلا ئىمپېراتور كىر II باشچىلىقىدا قۇدرەتلىك پېرسىيە ئىمپېرىيەسى قۇرۇلۇپ، دۇنيا تارىخىدا تۇنجى بولۇپ ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەگە كېڭەيگەن ئىمپېرىيە بولۇپ قالغان، شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي مۇساپىدە ئىران تۈرلۈك ناملار بىلەن ئاتىلىپ ۋە ئىزچىل رەۋىشتە مەۋجۇدلۇقىنى داۋام ئېتىپ كەلدى.

جۇغراپىيە، ساياھەتچىلىك ۋە تارىخشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئىراندىكى پېرسېپولىس (گىرېك تىلىدا پېرسىيەنىڭ پايتەختى دېگەن مەنىدە) قەدىمكى شەھىرى، پاسار غارى، ئىمام مەيدانى، تەختى سۇلايمان كۆلى ۋە شۇنداقلا ئىراننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بام مەدەنىيەت مەنزىرە رايونى قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن.

ئەدەبىياتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك شائىر، «شاھنامە»، «پارس سالنامىسى» قاتارلىق بۈيۈك ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، شەيخ سەئىدى، ھاپىز شىرازى ۋە ئۆمەر ھەييام قاتارلىق كىلاسسىك نامايەندىلەر ئارقىلىق باشقا ئەل خەلقلىرى پارسلارنىڭ قانداق خەلق ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىشكە قادىر بولالايدۇ.

ئەمما، كىنودىن ئىبارەت ئارانلا 100 يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ ياش، زامانىۋى سەنئەتنى ئىران كىنو سەنئەتكارلىرى مەۋقەسىدە ياكى ئىرانلىقلارنىڭ نۇقتىئىينەزەرىدە تۇرۇپ چۈشىنىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس، خوش، ئۇنداق بولسا ئىران كىنوچىلىقىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتەيلى:

ئىراننىڭ يېقىنقى 100 يىلغا يېقىن كىنوچىلىق مۇساپىسىگە قارايدىغان بولساق 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنى ئىران كىنوچىلىقىنىڭ باشلىنىشى، دەپ جەزم قىلىشقا بولىدۇ. ئاشۇ يىللاردا ئىران كىنو سەنئەتكارلىرى تۇنجى بولۇپ رەڭسىز، ئاۋازسىز «ئابى ۋە رابى» ناملىق فىلىمنى مۇستەقىل ئىشلەپ چىقىدۇ. ئارقىدىنلا «قىساسكار قېرىنداشلار»، «ۋاپاسىز ئەر»



www.uyghurkitap.com

قاتارلىق قويۇق ئىران مەدەنىيەت مۇھىتىغا تويۇنغان فىلىملەرنى ئىشلەپ دۆلەت ئىچىدە زىلزىلە پەيدا قىلدۇ، ھەم بۇ دەۋردە پارس تىلىدىكى تۇنجى ئاۋازلىق كىنو بارلىققا كېلىدۇ. ئابدۇل ھۈسەيىن سىپانتا باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم ئىستېداتلىق كىنو سەنئەتكارلىرى يېتىشىپ چىقىپ «فەرھاد ـ شېرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «فىردەۋسى» قاتارلىق ئەھمىيەتلىك تارىخىي فىلىملەرنى روياپقا چىقىرىدۇ. 40 ـ يىللاردىن تاكى 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان جەرياننى ئىران كىنوچىلىقىدىكى نىسبەتەن تۇرغۇن دەۋر دېيىشكە بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئاتاقلىق رېژىسسور فەرۇخ غاپپارى باشچىلىقىدا «شەھەرنىڭ جەنۇبىدا»، «كېچىدىكى دۈمچەك» قاتارلىق نادىر فىلىملەر ئىشلەنگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تىلغا ئالغىدەك فىلىملەر ئىشلەنمەيدۇ. داڭلىق رېژىسسور فەرۇخ غاپپارى ئىشلىگەن «كېچىدىكى دۈمچەك» فىلىمىنىڭ بىر نەچچە تۈرلۈك خەلقئارالىق مۇكاپاتقا ئېرىشىشى ئىران كىنوچىلىقىنىڭ خەلقئارا سەھنىلەردە چاقناش ئىمكانىيىتىدىن تۇنجى بولۇپ بېشارەت بېرىدۇ. بۇ مەزگىللەردە ئىراندا تۈرلۈك ناملاردىكى كىنو ئىستۇدىيەلىرى بەس ـ بەستە قۇرۇلىدۇ. ئىراندىكى چوڭ ـ كىچىك شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاشۇ دەۋرلەردىكى ئەڭ زامانىۋى مەدەنىيەت سورۇنى بولغان — كىنوخانىلارنى قۇرۇش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. پەقەت ئىراننىڭ پايتەختى تېھران شەھرىدىكى كىنوخانىلا 60 دىن ئاشىدۇ، باشقا ئۆلكە، شەھەرلەردىكى كىنوخانىلار 20 نەچچىگە يېتىدۇ.



مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى ئىران كىنوچىلىقىدىكى يېڭى بىر دولقۇننى كۈتۈۋالغان دەۋر. ئەينى يىللاردا ئىراندا مۇھەممەد رىزا پەھلىۋى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان بولۇپ، ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر ئىراننىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنى ئاكتىپ قوللىغان ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئەتكە بىر قەدەر ئەركىن سىياسەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئىران تۇپرىقىدا غەرب پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ ھەر تەرەپلىمە كېڭىيىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بەرگەنىدى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئىران كىنوچىلىقىدا يېڭىباشتىن قانات چىقىرىپ ئۇچۇش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. بۇ مەزگىلدە ئىرانلىق داڭلىق رېژىسسور دارىئوس ئىشلىگەن «ئىنەك» (1969ـ يىلى)، «پوچتىكەش» (1970 ـ يىلى)، «ئۆتنە ئالەم» (1975 ـ يىلى) قاتارلىق فىلىملەر يالغۇز ئىران تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى غەرب كىنو ساھەسىدىمۇ تەسىر قوزغايدۇ. كېيىنكى يىللاردا ئىران كىنوچىلىقىنى خەلقئارا سەھنىلەرگە ئېلىپ چىققان ۋە خەلقئارادا ئومۇميۈزلۈك ئىران كىنو مەدەنىيىتى قىزغىنلىقىنى قوزغىغان داڭلىق رېژىسسور ئابباس كىيا رۇستەمى، بەھرام بەيزائىي، مەجىد مەجىدى، ئەمىر نادىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇ مەزگىلدە يېتىشىپ چىققان ياكى پىشىپ يېتىلگەن.

1979 ـ يىلىدىكى ئىران ئىسلام ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىراننىڭ كىنوچىلىق ئىشلىرى بىر مەزگىل پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. پەھلىۋى پادىشاھلىقى دەۋرىدىكى كىنولار چىرىكلىك، ئازغۇنلۇق ۋە ئەخلاق جەھەتتىكى تايىنى چىقىشىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىلىپ، غەرب كىنولىرى ئومۇميۈزلۈك پېچەتلەندى ياكى تازىلاندى. سانسىزلىغان كىنو ئىستۇدىيەلىرى، شىركەتلىرى ۋە كىنوخانىلار ئارقا ـ ئارقىدىن تاقىۋېتىلدى. بۇ دەۋردە ئىران تېررىتورىيەسىدە كىنو ـ فىلىملەر تولىمۇ ئاز ئىشلەندى. بۇنىڭ بىلەن زور بىر تۈركۈم كىنو سەنئەتكارلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سەنئەت ساھەسىدىكى ئىستېداتلىق ئەربابلار، ئىختىساسلىق ياشلار ۋە ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئۆز دۆلىتىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئاياتۇللاھ روھۇللاھ خۇمەينى باشچىلىقىدىكى ئىران ئىسلام ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە ئىران كىنو سەنئىتىلا ئەمەس، ئىراندىكى بارلىق سەنئەت تۈرلىرى ئومۇميۈزلۈك چەتكە قېقىلدى. بۇ مەزگىلدە ھۆكۈمەتنىڭ بىر قىسىم سىياسىي تەشۋىقات خاراكتېرىگە ئىگە فىلىملىرى بىلەن قىسمەن بالىلار فىلىملىرى ئىشلەنگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا مۇئەييەن بەدىئىي قىممەت ۋە ئېستېتىك ئەھمىيەتكە ئىگە فىلىملەر ئاساسەن ئىشلەنمىدى. ئامېرىكا ۋە ياۋروپا فىلىملىرى ئورنىغا 3 ـ دۇنيا ئەللىرى ۋە بىر قىسىم سوتسىيالىستىك ئەللەرنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى شەخسىيەتتىن خالىي كوللېكتىۋىزملىق ئىدىيەسى مەۋقە قىلىنغان فىلىملىرى دەسسىتىلدى.

كىنونى ئۆز ئىچىگە ئالغان سەنئەتنىڭ بارلىق ژانىرلىرى ئىران تەۋەسىدە ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىدىكى زەبۇنلۇق ۋە مەھكۇملۇق شاخ ـ شۇمبىلىرى بىلەن قاشالاپ قويۇلدى.

ئون يىللىق تۇرغۇنلۇق، بۇرۇقتۇرمىلىق ۋە سۇكۇناتتىن كېيىن ئىران مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئەھلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئىران خەلقى ئۆز مەنىۋىيىتىدىكى يوقىتىپ قويغان مەلۇم نەرسىلەرنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىنى قايتىدىن تونۇپ يەتكەندەك بولدى، 1989 ـ يىلى ئىراننىڭ مائارىپ مىنىستىرى سەئىد مۇھەممەد ھاتەمى مەردانىلىق بىلەن «كىنوخانا مەسچىت ئەمەس» دەپ جاكارلاپ، ئىران كىنوچىلىقىنىڭ شۇنداقلا ئىران مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ كاتاڭدىن قۇتۇلۇشىغا نەزەرىيەۋى ۋە مەمۇرىي ئاساس تىكلەپ بەردى. 1997 ـ يىلى ھاتەمى ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى بولۇپ سايلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر قاتار ئىسلاھاتلار ئارقىلىق ئىراننىڭ كىنوچىلىق ۋە باشقا مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ قايتىدىن گۈللەپ ياشنىشىغا ئازادە مۇھىت يارىتىپ بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىران كىنوچىلىقىنىڭ 2 ـ قېتىملىق دولقۇنى باشلاندى.

ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ يېڭى بىر ئىراسى باشلىنىۋاتقان مۇشۇنداق خاسىيەتلىك پەيتتە 5000 يىللىق مەدەنىيەتكە ئىگە بۇ قەدىمىي دۆلەتنىڭ كىنو سەنئىتى تەدرىجىي ھالدا دۇنيا بۇگۈنكى زامان كىنوچىلىقىدىكى يورۇق نۇقتا بولۇپ قالدى. ئىراننىڭ كىنو رېژىسسورلىرى، كىنو سەنئەتكارلىرى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ خەلقئارا مۇنبەرلەردىن ئورۇن ئالدى. ھوللىۋودنىڭ غايەت زور سومىلىق، ئالاھىدە كۆرۈنۈشلۈك، جىددىي رىتىملىق بەھەيۋەت فىلىملىرىگە كۆنگەن غەرب كۆرۈرمەنلىرى ئىراننىڭ ئاز سومىلىق، ئاددىي تەپسىلاتلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن فىلىملىرىدىن بەھر ئېلىشنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىپ يەتتى.

بۇ مەزگىللەردە ئىران بۇگۈنكى زامان كىنوچىلىقىنىڭ بايراقدارى ئابباس كىيا رۇستەمى باشچىلىقىدىكى زور بىر تۈركۈم ئىستېداتلىق كىنو رېژىسسورلىرى ئۆزىنىڭ ئاز سومىلىق، ئىنسان روھىيىتىدىكى قىيىن ۋە نازۇك نۇقتىلار روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن، ھايات ھەقىقەتلىرى ئادەتتىكى مەسىلە، ھادىسىلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بىر تۈركۈم نادىر فىلىملەرنى روياپقا چىقىرىپ، ئىران كىنوچىلىقىنىڭ خاسلىقى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە نامايان قىلدى. بۇ يىللاردا ئابباس كىيا رۇستەمى ئۆزىنىڭ نادىر فىلىملىرىدىن «دوستۇمنىڭ ئۆيى قەيەردە»، «ھايات داۋاملاشماقتا»، «زەيتۇن دەرىخى ئاستىدا»، «گىلاس تەمى»، «شامالغا ھەمراھ»، «نان ۋە كوچا» قاتارلىق فىلىملەرنى ئىشلەپ، جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. ئابباس كىيا رۇستەمىنىڭ «زەيتۇن دەرىخى ئاستىدا» ناملىق فىلىمى چىكاگو خەلقئارا كىنو كۆرىكى ۋە سىنگاپور كىنو كۆرىكىدە ئارقا ـ ئارقىدىن «ئەڭ نادىر فىلىم» ۋە «ئەڭ ياخشى رېژىسسور» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «دوستۇمنىڭ ئۆيى قەيەردە» ناملىق ھېكايە فىلىمى تۇنجى قېتىم خەلقئارا مۇنبەردە چاقناپ 43 ـ نۆۋەتلىك شۋېيتسارىيە كىنو كۆرىكىدە «مىس يىلپىز مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى، شۇنداقلا ئىران كىنوچىلىق تارىخىدىكى تۇنجى قېتىم ئوسكار كىنو مۇكاپاتى نامزاتلىقىغا تاللانغان فىلىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ يەنە «شامالغا ھەمراھ» ناملىق فىلىمى ۋېنېتسىيە خەلقئارا كىنو كۆرىكى باھالىغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇكاپاتىغا نائىل بولدى. ئۇنىڭ نادىر فىلىملىرىدىن يەنە «گىلاس تەمى» ناملىق فىلىم 50 ـ نۆۋەتلىك گاننا خەلقئارا كىنو مۇكاپاتىدا «ئالتۇن پالما مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. ئابباس كىيا رۇستەمى ئىران كىنوچىلىقىنىڭ بايراقدارى بولۇپلا قالماي يەنە خۇددى غەرب كىنو مۇتەخەسسىسلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېيتقاندەك «شەرق كىنوچىلىقىنىڭ ئۇستازى».



ئابباس كىيا رۇستەمىنىڭ ئىز باسارلىرىدىن مۇھسىن ماخمالباۋ، جەففار پاناھى، مەجىد مەجىدى، سەمىرە ماخمالباف، ئەسقەر فەرھادى قاتارلىق تالانتلىق رېژىسسورلار ئىران كىنوچىلىق ساھەسىدە يېتىشىپ چىقىپ ۋە شۆھرەت قازىنىپ، بۇگۈنكى زامان ئىران كىنوچىلىقىدا رۇستەمى باشلاپ بەرگەن خاس ئىرانچە كىنو ئۇسلۇبىنى تېخىمۇ بېيىتتى. رۇستەمىنىڭ ئىز باسارى، يارامىلىق شاگىرتى، ئەزەربەيجان مىللىتىدىن بولغان جەففار پاناھى ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلغان فىلىم «ئاق شار» بىلەن دۇنيا ئەھلىگە تونۇلدى. بۇ فىلىم 48 ـ نۆۋەتلىك گاننا خەلقئارا كىنو كۆرىكىدە «ئالتۇن كامىرا» مۇكاپاتىغا، توكيو خەلقئارا كىنو كۆرىكىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون نەچچە يىلدا ئۇ «ئەينەك»(1997 ـ يىلى)، «ئوفسايد»(2006 ـ يىلى) قاتارلىق نادىر كىنو فىلىملەرنى ئىشلەپ ئىران تەۋەسىدىلا ئەمەس خەلقئارادىمۇ بەلگىلىك شۆھرەت قازىنىدۇ. ئۇ رېژىسسورلۇق قىلغان «ئەينەك» فىلىمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

شۋېتسىيە لوكارنو خەلقئارا كىنو كۆرىكىدە «ئالتۇن يىلپىز مۇكاپاتى»غا، «دائىرە» فىلمى ۋېنتسىيە خەلقئارا كىنو كۆرىكىدە «ئالتۇن شىر» مۇكاپاتىغا، «ئوفسايد» فىلمى بېرلىن خەلقئارا كىنو كۆرىكىدە باھالىغۇچىلار كومىتېتىنىڭ «كۈمۈش ئېيىق مۇكاپاتى»غا مۇيەسسەر بولدۇ. 50 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ تالانتلىق رېژىسسور 2011 - يىلى «بۇ كىنو ئەمەس» ناملىق ھېكايە فىلمىنى ئىشلەپ خەلقئارا كىنو ساھەسىدىكى شۆھرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

رۇستەمنىڭ يەنە بىر ياراملىق شاگىرتى، «جەننەتتىكى بالىلار»، «كىچىك ئاياغ» ناملىق ھېكايە فىلملەرنىڭ رېژىسسورى مەجىد مەجىدى 1998 - يىلى بۇ ئىككى فىلمنى ئىشلەپ، بازارغا سېلىنىشى بىلەنلا خەلقئارا كىنو مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغايدۇ. بۇ فىلم 1999 - يىلى ئوسكار «ئەڭ نادىر چەت ئەل فىلمى» نامزاتىغا كۆرسىتىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە بۇ فىلم لوندون، نيۇيورك، شياڭگاڭ قاتارلىق جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن 18 خەلقئارالىق كىنو كۆرىكىدە سەرخىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشىدۇ. «كىچىك ئاياغ» فىلمىنىڭ شۆھرىتىدىن كېيىن ئۇ «جەننەتنىڭ رەڭگى» (1999 - يىلى)، «باران» (2001 - يىلى)، «مەجنۇنتال» (2005 - يىلى)، «قۇش ئاۋازى» قاتارلىق فىلملەرنى ئارقا - ئارقىدىن ئىشلەپ ئىران ۋە خەلقئارا كىنو مۇنبىرىدە مۇناسىپ سالاھىيەتكە مۇيەسسەر بولدۇ. 1999 - يىلىدىن ئېتىبارەن مەجىد مەجىدى خەلقئارادىكى توققۇز كاتتا «A دەرىجىلىك» كىنو كۆرىكىنىڭ بىرى بولغان كانادا مونترېئال كىنو كۆرىكىگە ئۇدا ئۈچ يىل قاتنىشىپ خەلقئارا كىنو مۇتەخەسسىسلىرىنى ھەيرانۇھەس قالدۇردۇ. ئۇ كىنوچىلىقتا مەخسۇس بالىلار فىلمىنى تۇتقا قىلىپ، نادىر بالىلار فىلملىرىنى ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ، بالىلارنىڭ قەلب دۇنياسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ، بالىلارنىڭ قەلبىدىكى پەرىشتىگە ئايلىنىدۇ.

ھازىر ئىراندا كىنو فىلمى ئىشلەشتە مۇئەييەن تەجرىبىگە ئىگە 300 دىن ئارتۇق رېژىسسور بار، بۇلارنىڭ ئىچىدە 20 گە يېقىن رېژىسسور ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى پۈتۈن دۇنيا كىنو ساھەسىدىكىلەر ياخشى تونۇيدۇ ۋە بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. ھازىر ئىراندا يىلىغا 100 دىن 120 گىچە كىنو فىلمى ئىشلىنىدۇ، ئىران ئىسلام ئىنقىلابىدىن كېيىن، بولۇپمۇ 1990 - يىلىدىن كېيىنكى 20 نەچچە يىل ئىچىدە ئىران فىلملىرى خەلقئارالىق كاتتا كىنو كۆرەكلىرىدە 300 قېتىمدىن ئارتۇق تۈرلۈك مۇكاپاتلارغا مۇيەسسەر بولدى. بۇ سان يىلىغا 1000 غا يېقىن كىنو فىلمى ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلەيدىغان جۇڭگو ۋە يىلىغا 1500 كىنو ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلەيدىغان ھىندىستانغا نىسبەتەن روشەن بىر سېلىشتۇرما. يەنە كېلىپ خېلى ئۇزاق يىللارغىچە «شەرقنىڭ كىنو ئامبىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن شياڭگاڭ، يۈكسەك تەرەققىي تاپقان ياپونىيە قاتارلىقلارمۇ يېقىنقى 30 يىل ئىچىدە ئىران فىلملىرى ئېرىشكەن نەتىجىنىڭ 1/3 نىسبىتىچىلىك نەتىجىگىمۇ ئېرىشەلمىدى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى پولاتتەك پاكىت، تېخنىكا ۋە مالىيە قىيىنچىلىقى شۇ قەدەر زور ئەھۋالدا ئىران كىنو سەنئەتكارلىرىنىڭ ئەقلى ۋە سەزگۈرلۈكى بەرىكاتىدا روياپقا چىققان ئىرانچە كىنوچىلىقنىڭ نادىر مېۋىسى.

يۇقىرىدا ئىراننىڭ 70 نەچچە يىللىق كىنوچىلىق مۇساپىسى، ئىراندىكى داڭلىق كىنو سەنئەتكارلىرى، ئىران كىنو فىلملىرىنىڭ يېقىنقى 30 يىلدا خەلقئارادا قولغا كەلتۈرگەن شان - شۆھرىتى ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيا كىنوچىلىقىغا قوشقان تۆھپىسى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق. ئىران كىنو فىلملىرى خەلقئارادا قانچىلىك شۆھرەت تېپىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇيغۇر جامائىتى ئىران كىنو فىلملىرى بىلەن تېخىچە ئەتراپلىق تونۇشقىنى يوق. ئىران فىلملىرى دېيىلسە بەلكىم بىزنىڭ مۇتلەق كۆپ كۆرۈرمەنلىرىمىز ئۇيغۇرچە تېلېۋىزىيە قاناللىرىدە كۆپ قېتىم قويۇلغان «كىچىك ئاياغ» فىلمىنى ۋە يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە قويۇلغان «ئاجرىشىش ماجىراسى» فىلمىنىلا بىلىشى مۇمكىن. ئىران كىنو فىلملىرى ۋە ئىراننىڭ كىنوچىلىق سەنئىتى ھەققىدە سەنئەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلىرىمىزمۇ تېخىچە كىشىنى قايىل قىلغىدەك كۆز قاراش ۋە مۇناسىپ چۈشەنچە شەكىللەندۈرگىنى يوق. ئۇلار پەقەت قىسمەن چۈشەنچە بىلەنلا چەكلىنىپ قالدۇ، خالاس. مېنىڭچە، خەلقىمىز نادىر فىلملەرگە تازا موھتاج بولۇۋاتقان مۇشۇنداق شارائىتتا كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىدە بىز چوقۇم ئىرانچە ئاملىنى دىققەت نۇقتىمىزغا قويۇپ بېقىشىمىز ياكى ئىران فىلملىرىنىڭ قانۇنىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئىران كىنو سەنئەتكارلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك كىنو ئىشلەش مېتودى بىلەن ئەتراپلىق تونۇشۇپ، ئىران سىنارىستلىرىنىڭ سىنارىيە ئىجادىيىتىدىكى ئۆزگىچە سېھرىي كۈچىدىن ئىلھاملىنىشىمىز، مۇۋاپىق پايدىلىنىشىمىز، ئىمكانىيەت يار بەرگەن ئەھۋالدا ئىراننىڭ كىنوچىلىق ئەندىزىسى ۋە مېتودى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تونۇشۇپ، ئىران كىنوچىلىقىنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىپ، رايونىمىزنىڭ كىنوچىلىق ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشقا كۈچىشىمىز زۆرۈر.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى ئالتۇن - كۆمۈش يولى 460 - قورۇدا)

مۇھەررىر: زۇمرەت مىجىت
ئېلخەت: zumretmijit@126.com



# باشئەگمدە ئەدىبلەر يىغىلىشى

(ئەدەبىي خاتىرە)

◉ ياسىنجان ئابدۇۋەلى

1

تەبىئەت يېشىللىققا پۈركىنىپ، كۆنچى ۋادىسى چېچەك پەسلىنى كۈتۈۋالغان كۈنلەردە باشئەگمدە دىيارى – كورلا شەھرىدە «مەن ۋە مېنىڭ خەلقىم — باشئەگمدە كىتاب ۋە مەۋجۇدىيەت» تېمىسىدا خاسىيەتلىك پائالىيەت ئېلىپ بېرىلدى. بۇ پائالىيەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىدىن بۇرۇنلا خەۋىرىم بولغاچقا بۇ كۈننى، يەنى 2016 - يىل 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنىنى تەقەززالىق ئىلكىدە كۈتتۈم. بۇ يەردىكى كىتابخۇمار دوستلار ۋە ماڭا ئوخشاش ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. پىلان بويىچە بۈگۈنكى پائالىيەتكە قاتناشماقچى بولغان ئۇستازلاردىن ئازاد سۇلتان، مەتتىمىن ھوشۇر، ئابلىكىم ھەسەن ئۆگەنلەر كېلەلمەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم، بولۇپمۇ ئازاد مۇئەللىمنىڭ كېلەلمەسلىكى مېنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇردى.

ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە 2015 - يىلى 7 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەمدىلا ئىشقا كېلىپ تۇرسام ناتونۇش بىر نومۇردىن تېلېفون كەلدى. تېلېفوننى ئالدىم، قارشى تەرەپتىن «سىز ياسىنجان بولامسىز؟» دېگەن تولىمۇ مۇلايىم بىر ئاۋاز كەلدى. مەن «ھەئە» دېگەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىكى ئازاد سۇلتان بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ جىددىيلىشىپ نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. ئازاد مۇئەللىم جىددىيلەشكىنىمنى ھېس قىلدى بولغاي ماڭا تېلېفون قىلىشتىكى مەقسىتىنى ئۇدۇللا ئېيتىپ مۇنداق دېدى: «سىزنىڭ ‹شىنجاڭ ئەدەبىي ئوبزورچىلىقى› ژۇرنىلىغا ئەۋەتكەن ‹جالالىددىن بەھرام ۋە پىروزا› ناملىق ماقالىڭىزنى كۆردۈم. ماقالىنى ياخشى يېزىپسىز، جالالىددىن بەھرام بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كى تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك يازغۇچىلارنىڭ بىرى، ئەسلىي خېلىمدىن بېرى بۇ توغرۇلۇق قەلەم تەۋرىتىپ بىرەر پارچە ماقالە يېزىشنى ئويلاپ يۈرەتتىم، بىراق سالامەتلىكىمنىڭ تازا ياخشى ئەمەسلىكى ۋە ئىشلىرىمنىڭ ئالدىراشلىقى تۈپەيلى يېزىپ بولالمىدىم. بۈگۈن ماقالىڭىزنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇش بولدۇم. ماقالىڭىز ئومۇمىي جەھەتتىن خېلى ياخشى چىقىپتۇ، بىراق ئەدەبىي ئوبزورچىلىقتا بەزى گەپلەرنى قورساقنى بوشتۇۋېلىش ئۈچۈنلا دېسىڭىز بولمايدۇ، يازغانلىرىڭىزنىڭ چوقۇم ئىلمىي ئاساسى بولۇشى كېرەك. يەنە بىرى، ماقالىنىڭ تىلى سەل قاتتىق چىقىپ قاپتۇ، ئەدەبىيات — ئۇ بىر تىل سەنئىتى، شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن قانداقلا ئەسەر يېزىڭ، تىلنى چوقۇم گۈزەل ۋە راۋان چىقىرىشقا تىرىشىڭ. سىز ماقالىنى مۇشۇ تەرەپلەردىن يەنە بىر پىششىقلاپ ئىشلەپ ئەۋەتىپ بېرىڭ، مەن كۆرۈپ باقاي، ئاندىن ژۇرنالنىڭ كېيىنكى سانلىرىغا ئورۇنلاشتۇرارمىز». ئازاد مۇئەللىم يەنە مېنىڭ كەسپىمنى ياخشى قىلىش بىلەن بىرگە، يېزىقچىلىقنىمۇ تاشلىۋەتمەي داۋاملاشتۇرۇشۇمنى، مېنى ھەر قايسى جەھەتلەردىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ نۇرغۇن ياخشى سۆزلەرنى قىلدى ۋە «بۇ مېنىڭ ئىشخانامنىڭ نومۇرى، بۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ئىش بولسا تارتىنماي مېنى ئىزدەڭ» دېگەنلەرنىمۇ قوشۇپ قويدى. مەن ئازاد مۇئەللىمنىڭ شۇنچە ئالدىراش تۇرۇپمۇ مەندەك يېزىقچىلىق كوچىسىغا ئەمدىلا قەدەم قويغان بىر ھەۋەسكارغا ئاتايىن تېلېفون قىلىپ تەكلىپ ـ پىكىر بەرگەنلىكى ۋە رىغبەتلەندۈرگىنىدىن تولىمۇ تەسىرلەنگەنىدىم. گەرچە شۇندىن بېرى ئازاد مۇئەللىم بىلەن كۆرۈشۈپ باقمىغان بولساممۇ، ئەمما ئۇنىڭغا قەلبىمدە غايىبانە بىر ھۆرمەت بىلەن قاراپ كەلدىم. بۇ قېتىم ئازاد مۇئەللىمنى كېلىدىكەن دەپ ئاڭلىغاندىمۇ شۇنچىلىك خۇش بولغانىدىم، ئەپسۇس، خىزمەت ئالدىراشچىلىقى بىلەن ئازاد مۇئەللىم كېلەلمىگەنىدى.

2

**2016** ـ يىل **4** ـ ئاينىڭ **9** ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن كورلا شەھەرلىك باغ ـ ئورمانچىلىق مېھمانخانىسىنىڭ **300** كىشىلىك يىغىن زالى ئادەملەر بىلەن تولغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن خۇشاللىق، ھاياجان ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئەمىن ئەخمىدى، جالالىددىن بەھرام، ئەخەت تۇردى، بوغدا ئابدۇللا، ئابدۇۋەلى ئەلى، ھاجى مىرزاھىد كېرىمى قاتارلىق ئۇستاز ئەدىبلەر ساھىبخان ئورۇنىنىڭ «زالغا ۋاقىت توشقاندا كىرىڭلار، بولمىسا بالدۇر كەلگەن كىشىلەر سىلەرنى ئورىۋېلىپ چارچىتىپ قويىدۇ» دېگىنىگە ئۇنىماي پائالىيەت باشلىنىشتىن خېلىلا بۇرۇن كىرىپ ئولتۇرغان، دېگەندەك زالنىڭ ئالدىنقى رېتىدىكى بىر قانچە ئورۇندا غۇژمەك ـ غۇژمەك ئادەملەر توپى ئۇستاز ئەدىبلەرنى ئورىۋېلىپ، بەزىلىرى ئۇلارغا ئىمزا قويدۇرۇۋېلىشقا ئالدىرىسا، بەزىلىرى ئۇلار بىلەن رەسىمگە چۈشۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ قىستىلىشاتتى.

پائالىيەت رىياسەتچىسى پاتىمە ھەسەن ئۆگەننىڭ پائالىيەتنى باشلاش توغرىسىدىكى جاراڭلىق خىتابى بىلەن ئۇستاز ئەدىبلەرنى ئورىۋېلىشقان كىشىلەر توپى خالىمىغان ھالدا ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى. رىياسەتچى بۈگۈنكى پائالىيەتكە تەكلىپ بىلەن كەلگەن ئەدىبلەرنى، ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن...لەردىن كەلگەن ئون نەچچە نەپەر شەخسىي كىتابخانىنىڭ ۋەكىللىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن پائالىيەت باشلىنىپ كەتتى.

«تۇرغاق خوجىلار»، «ئاپپاق خوجا»، «بەدۆلەت» قاتارلىق تارىخىي رومانلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغان پېشقەدەم يازغۇچى ئابدۇۋەلى ئەلى ئاكا سۆزگە چىقىش بىلەن پۈتكۈل زالدا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. ئۇ شۇ تاپتا «تۇغلۇق تۆمۈرخان» رومانىنىڭ يېزىلىش جەريانىنى، ماتېرىياللارنى توپلاش، توپلىغان ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىپ تارىخنى تارىخقا ئۇلاش قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئۇچرىغان مەسىلىلەرنى رومانغا بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەپ بەردى. «بىزدە تارىخىي رومانلار سان جەھەتتىن مۇئەييەن كۆلەم ھاسىل قىلغان بولسىمۇ ئەمما سۈپەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇنچىۋالا كۆلەملىشىپ كېتەلمىدى، شارائىتنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن ئاغرىنغانلار بار بولدى، ئەمما سەۋەبىنى ئىزدىنىشىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن، كۈچلۈك مەسئۇلىيەت ئېڭىنىڭ ھازىرلانمىغانلىقىدىن ئىزدىگەنلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. تارىخنى يورۇتۇپ بېرىش پەقەت تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭلا ئىشى بولماستىن يازغۇچىلارنىڭمۇ بىر كىشىلىك مەسئۇلىيىتى. مەن ئاساسەن تارىخىي تېمىلاردا يازدىم، يازغانلىرىمنى تارىخنى ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش جەريانىدىكى ھېس قىلغانلىرىمنىڭ قىسمەن مەھسۇلى دېيىش مۇمكىن. مەن ياخشى يازدىم دېيەلمەيمەن، ئەمما مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىشقا تىرىشتىم دەپ قارايمەن» دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا. ئابدۇۋەلى ئەلى ئاكىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم بولۇپ، بۇ مويسىپىتنىڭ چىرايىدىن تەبەسسۇم ئۆچمەيتتى. ئۇ بۈگۈنكى پائالىيەت ئۈچۈن يازما شەكىلدە مەخسۇس ماتېرىيال تەييارلاپتۇ، ئۇنىڭ بۇ قەدەر ئەستايىدىللىقى مېنى تولىمۇ سۆيۈندۈردى.

ئارقىدىنلا «يۈسۈپ خاس ھاجىب» (ئىككى توم)، «سۇلتان سەئىدخان»، «سۇلتان ئابدۇرەشىدخان»... قاتارلىق ئە

سەرلىرى بىلەن ئەل قەلبىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالغان ئۇستاز
يازغۇچى ھاجى مىرزاھىد كېرىمى ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي
ياشلارغا خاس جۇشقۇنلۇق بىلەن سەھنىگە چىقتى ۋە لېكسىيە
ئەھلىگە سالامىنى بەجا كەلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن «يۈسۈپ خاس
ھاجىب» رومانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئېيتىپ ئۆتكىنى بويىچە
رومانىنىڭ يېزىلىش جەريانى ۋە يولۇقتۇرغان مەسىلىلەر توغرى-
لىق سۆزلىدى. ئۇ ئېغىر بېسىق، كەمسۆز كىشى بولۇپ، باش-
قىلارنىڭ گېپىنى زەن قويۇپ ئاڭلايتتى. ئۇ شەھەردە سەيلە
قىلغاندا بولسۇن، مەيلى لېكسىيە ئارىلىقىدا ۋە ياكى بىر نەچچە
قېتىملىق تاماق جەريانىدا بولسۇن ئىنچىل كۆپ گەپ قىلمى-
دى. ئۇ «يۈسۈپ خاس ھاجىب» رومانىنى يېزىش ئۈچۈن
«قۇتادغۇبىلىك» نى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «تۈر-
كىي تىللار دىۋانى»، «سالجۇقىلار تەزكىرىسى»، «غەزنەۋىي-
لەر تەزكىرىسى»، «تارىخ ئاتالغۇلىرى تەرجىمە قوللانمىسى»،
«قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» ... قاتارلىق كىتاب، تەزكىرە،
رىۋايەتلەرنى ۋە باشقا ماتېرىياللارنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپتۇ،
تەتقىق قىپتۇ. مەن بۇلارنى ئاڭلاپ بۇ مويسىپىت يازغۇچى ئې-
چىلمىغان بىر بايلىق ئىكەن دەپ ئويلىدىم.

ئۇستاز شائىر بوغدا ئابدۇللا مەردانە قەدەملىرى بىلەن
سەھنىگە چىققاندا ئۇنىڭ «ئانا» ناملىق ئۆلمەس شېئىرىنى
ئەسكە ئېلىپ ئۆلگۈردۇم. ئۇ ئابلىز ھەسەن دىنارىنىڭ تۈرتكى-
سىدە شېئىرغا قىزىقىپتۇ، تېيىپجان ئېلىيوفلار بىلەن قويۇق ئا-
رىلىشىپ ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپ، شېئىرىيەت ھەققىدە جىق تەلىم
ئاپتۇ. ياشىنىپ قالغاندىن كېيىنمۇ شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇ-
غۇللىنىشتىن باشقا يەنە ھەر قايسى يۇرتلارغا بېرىپ ئۇنتۇلۇپ
كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان چۆچەك ۋە رىۋايەتلەرنى توپلاپ
قەلەمگە ئاپتۇ.

ئۇستاز شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ خەلقنى قۇدرەت تاپقۇ-
زۇش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش، ئوقۇغاندىمۇ نەپ بېرىدىغان
ياخشى كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇش، ئانا تىلدىن باشقا تىللارنىمۇ
قوشۇپ ئۆگىنىپ ئۆزىنى قوراللاندۇرۇش، شۇنداقلا مىللىي ما-
ئارىپنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى ئەمەلىي مىساللار بىلەن
سۆزلىگەن لېكسىيەسى مېنى ئويغا سالدى. ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى
«كۆنچى دەرياسى» ناملىق قىسقا شېئىرى بىلەن تامامىلىدى.

«مېھرىگىياھ»، «ناتىۋانلار»، «كۆمۈرچى بالا»، «ئامەت
ۋە ئاپەت»، «تىۋىشسىز دۇنيا» ... قاتارلىق رومانلىرى بىلەن
ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا مۇئەييەن ئوقۇرمەنلەر
توپى شەكىللەندۈرگەن ئۇستاز ئەدىب جالالىدىن بەھرام كىشى-
لەرگە كەلتۈرگەن ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى باش تېما قىلغان
ئىككى قىسىملىق رومانى «ئامەت ۋە ئاپەت» نىڭ يېزىلىش
جەريانى توغرىسىدا سۆزلىدى.

«بىركۈنى ئولتۇرسام ئېگىز بويى، قاملاشقان، ئات يۈز،
قاڭشارلىق بىر بالا ‹جالالىدىن ئاكا، بېشىمدىن ئۆتكەن
ئىشلارنى سۆزلەپ بەرسەم، رومان قىلىپ يازغان بولسىڭىز›
دەپ كىرىپتۇ. بەزىلەر بار، لايىقىدىن ئايرىلىپ كېتىپلا ‹مېنى
يېزىڭ› دەپ ئىزدەپ كېلىدىغان، بۇنداقلارنى تولا ئۇچرىتىپ
كەتكەچكە مۇشۇنداقراق بىرەرسى ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ تا-
زا خۇشياقمىدى. لېكىن بىر ئاز ئاڭلىغاندىن كېيىن كىرىشىپلا
كەتتىم - دە، ئۇدا ئۈچ كۈن بۇ ياشنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ،
رومانىنىڭ دەسلەپكى ماتېرىيالىنى تەييارلىۋالدىم. زەھەر چەك-
كەنلەرنىڭ، خۇمارى تۇتقانلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەسەبىيلەرچە
ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، زەھەر چېكىپ ئۆلۈپ
كەتكەنلەرنىڭ نەزىرىگە بارغىنىمدا باشقا نەزىردىكىگە ئوخشاش
قىياسلىق ئىلىكدىكى ئېچىنىشلىق يىغا-زارىنى ئاڭلىمىدىم،
ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا - ئانىسى ياكى خوتۇن - بالىلىرىنىڭ چىرايى-
دىن خاتىرجەملىككە ئېرىشكەندەك ئىپادىلەر چىقىپ تۇراتتى.
زەھەر تاشلاش ئورۇنلىرىغا كۆپ قېتىم بېرىپ خىزمەتچى -
خادىملارنى، زەھەر تاشلىماقچى بولغانلارنى زىيارەت قىلدىم.
بۇلارنى رومانىمنىڭ باش قەھرىمانى قەدىردان، يەنى مېنى
ئۆيگە ئىزدەپ كىرىپ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن، 30
ياشقا كىرمەي تۇرۇپ 100 يىللىق ھايات قىسمەتلىرىنى باشتىن
كەچۈرگەن ياش يىگىتنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قە-
لەممىنى ئەركىن قويۇۋەتتىم. شۇنىڭ بىلەن قولۇڭلاردىكى
ئىككى توملۇق ‹ئامەت ۋە ئاپەت› رومانى پۈتۈپ چىقتى» دې-
دى جالالىدىن بەھرام ئاكا رومانىنىڭ يېزىلىش جەريانىنى
سۆزلەپ.

2013 - يىلى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان
چاغلىرىم ئىدى، مەلۇم بىر قىش كۈنى نەنمېندىكى شىنخۇا كى-
تابخانىسىدىن چىقىۋېتىپ ئۇچىسىغا قارا پەلتو، بېشىغا شلەپە
كىيىۋالغان تونۇش بىر چىرايىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. شۇنداق، ئۇ
جالالىدىن بەھرام ئاكا ئىدى. بۇ ئۇنى تۇنجى قېتىم ئۇچرىتى-
شىم بولۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن سالام بەردىم ۋە ئۆزۈمنى
بىر «ھەۋەسكار» دەپ تونۇشتۇردۇم. سىرتتا ئۇچقۇنداپ قار
يېغىۋاتاتتى. ئىككىمىز دۆڭكۆۋرۈككىچە بىللە مېڭىپ ئەدەبىيات
توغرىلىق پاراڭلىشىپ كەلدۇق. ئۇ ماڭا بۇندىن كېيىن يېزىقچى-
لىق جەھەتتە يولۇقتۇرغان مەسىلىلەر بولسا تارتىنماي تېلېفون
قىلىشىمنى ئېيتىپ، نومۇرىنى قالدۇرۇپ قويدى ۋە كوچا ئاپ-
توبۇسىغا چىقىپ تاڭ نۇرى ئولتۇراق رايونىدىكى ئۆيىگە كەت-
تى. ئۇنىڭ بۇ قەدەر ئوچۇق - يورۇق ۋە قىزغىن مۇئامىلىسى

www.uyghurkitap.com



يازغۇچى ـ شائىرلار ۋە مۇھەررىرلەر بىلەن بولغان ئالاقىدىكى ئەيمىنىش ۋە تارتىنچاقلىقتەك خاراكتېرىمنى تۈگىتىپ، ئەركىن ـ ئازادە پىكىر قىلىشىمغا، ئۆزۈمنى ئىپادىلىشىمگە تۈرتكە بولغاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن ئوقۇش پۈتتۈرگۈچە بولغان ئارىلىقتا بىر نەچچە قېتىم كۆرۈشۈپ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە يېڭى ئۇچۇرلارنى ئاڭلاپ تۇردۇم. ھەر قېتىم كۆرۈشكەندە ئۇ ماڭا «دادىل بولۇڭ، قەلىمىڭىزنى ئەركىن قويۇۋېتىڭ، يازغانسېرى قەلىمىڭىز پىشىدۇ» دەپ ئىلھام بېرەتتى. شۇنىڭ تۈرتكىسىدە بولسا كېرەك، بارا-بارا ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىم ئېشىپ ئۆزۈم باشقىلارغا خېلى يارىغۇدەك نەرسىلەرنى يېزىپ، بەزىلىرىنى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرغانمۇ بولدۇم. مەن ئەدەبىياتتا سىستېمىلىق تەربىيە ئالالمىدىم. ئەمما، كۆپ قىسىم كىشىلەر ماڭا ئۇستاز سۈپىتىدە يېزىقچىلىقتىن تەلىم بەردى، كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. جالالىددىن بەھرام ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىدى.

«ئەدەبىيات كوچىسىنىڭ كىرىش ئېغىزى تولىمۇ كەڭ، كىم كىرسە كىرەلەيدۇ. ئەمما، چىقىش ئېغىزى تولىمۇ تار ۋە قىستاڭچىلىق. بۇ ئىشىكتىن چىقالىغانلارلا يازغۇچى بولالايدۇ، بۇ كوچىغا كىرىشنى ئويلىغانلاردا چوقۇم ئۆزىنى بېغىشلىيالايدىغان روھ بولۇشى كېرەك. چۈنكى بۇ شاراپىتىدىن بەدىلى چوڭ بولغان بىر مىننەتسىز ئەمگەك. خەلقىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر يازغۇچىلارنى بەك باي، كىتاب يېزىپ كۆپ پۇل تاپالايدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئەجەبا راستىنلا شۇنداقمۇ؟ مەن چەت ئەللەرگە، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە باردىم، ئۇ يەرلەردە ھەقىقەتەن شۇنداق ئىكەن، يازغۇچىلار شۇنچىلىك باي ـ باياشادچىلىق ئىچىدە ياشايدىكەن. ئەمما، بىزدە تېخى بىرەر يازغۇچىنىڭ بېيىپ كەتكىنىنى ئاڭلىمىدىم، ئەمما، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە، تالانتلىق يازغۇچىلىرىمىزغا خەلقىمىز چىن دىلىدىن ئورۇن بەردى.

ھازىرغىچە يازغا ئەسەرلىرىم ئىچىدە «قاباھەت» رومانىنى ئۆزۈمنى راۋۇرۇس بېغىشلاپ تۇرۇپ يازدىم دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى مەن بۇ رومانىمنى رېئاللىققا ئۇيغۇن ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقىش ئۈچۈن شېنجېن، گۇاڭجۇ، شاڭخەي... قاتارلىق شەھەرلەردە خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ماتېرىيال توپلاش ۋە تۇرمۇش ئۆگىنىشتە بولدۇم، تۇرمۇش ئۆگىنىش دېمەك — تۇرمۇشنى كۆزىتىش دېمەكتۇر. يازغۇچى بىرەر ھادىسىگە ئۇقۇرمەندە مۇھەببەت ياكى نەپرەت ھېسسىياتى قوزغىتىش ئۈچۈن ئاشۇ ھېسسىيات ئۆزىدە ھازىرلىنىشى كېرەك. دېمەك، كۆيدۈرۈش ئۈچۈن كۆيۈش، سۆيۈش ئۈچۈن سۆيۈلۈش كېرەك. زامان غوۋغالىرىنى، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ھېس قىلغان يازغۇچىلارلا ھەقىقەتنى يازالايدۇ. مەن بۇ رومانىمدا ھەقىقەتنى يېزىش ئۈچۈن تىرىشتىم، ئەمما قانچىلىك يازالىدىم، قانچىلىك يورۇتۇپ بېرەلىدىم بۇنى ئۇقمايمەن، قالغىنى يەنىلا ئەل ئادىل سوتچى« دېدى يازغۇچى ئەخەت تۇردى «قاباھەت» رومانىنى يېزىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ.

مەن ئەخەت تۇردى ئاكىنى بۇرۇندىن باشلاپ تولىمۇ پائالىيەتچان ھېس قىلىمەن، ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىلىرىمدىمۇ بىر نەچچە قېتىم پائالىيەتلەردە ئۇنىڭ تېتىملىق پاراڭلىرىغا ئىشتىراك قىلغانىدىم. ئۇنىڭغا ئوخشاش ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە جامائەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن ئۇستاز يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى پاراڭلىرى ياش ھەۋەسكارلارغا ئىلھام بولىدۇ. چۈنكى، يازغۇچى تۇرمۇشتىن، تەبىئەتتىن ئىلھام ئېلىپلا قالماستىن يەنە يازغۇچىدىن ئىلھام ئالىدۇ، بىر ـ بىرىگە تۈرتكە بولىدۇ. بۇ يېزىقچىلىق كوچىسىغا يېڭىلا كىرىپ كېلىۋاتقان ياشلارغا تۈرتكە بولىدۇ.

شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان ئىمىن ئەھمىدى ئاكىنىڭ «ئەدەبىيات ماڭا نېمىلەرنى بەردى» تېمىسىدىكى قىزىقارلىق ۋە مول مەزمۇنلۇق لېكسىيەسى زالدىكى كىشىلەرنى ئەسىر قىلىۋالدى. ئۇ ھەر بىر ئېغىز سۆزىنىمۇ دەل جايىغا كەلتۈرۈپ، ئۇرغۇلۇق سۆزلەيتتى.

مەن شېئىر بىلەن كىچىك چېغىمدىلا ئۇچراشتىم، ئەمما ئۇنىڭ سېھرىي كۈچىنى تولىمۇ كېيىن ھېس قىلدىم.

— كىچىك ۋاقتىمدا، — دېدى ئىمىن ئەھمىدى ئاكا — «نامەھەق»، «سوپى ئاللايار» ۋە نەۋايى، شىرازىلارنىڭ غەزەللىرىنى ئوقۇدۇم، ئۇ غەزەللەر ماڭا تولىمۇ گۈزەل ۋە سىرلىق تۇيۇلاتتى. ئۆيگە قايتقاندا چوڭ دادامغا ياكى دادامغا نەۋايى غەزەللىرىنى يادقا ئوقۇپ بەرسەم، ئۇلار: « ئەمدى ئادەم بولۇۋاتىسەن» دەپ بېشىمنى سىلاپ قوياتتى. مەن ئۇ چاغلاردا شېئىر ئوقۇش بىلەن ئادەم بولۇش ئارىسىدا نېمە مۇناسىۋەت بارلىقىنى بىلمەيتتىم. كېيىن تەشكىل ماڭا ۋەزىپە تاپشۇرغاندا «قىلالارمەنمۇ» دېگەن ئەندىشەمگە قارىتا «سىز ئەدەبىيات ئۆگىنىپسىز، چوقۇم قىلالايسىز» دەپ ماڭا بولغان ئىشەنچىسىنى بىلدۈردى. ئۇ ۋاقىتتىمۇ مەن كۆپ نەرسىلەرنى ھېس قىلماپتىكەنمەن. ھازىر ئويلىسام ئەدەبىياتنىڭ جىق نەرسە بىلەن، قىسقىسى دادام ئېيتقاندەك ئادەم بولۇش بىلەن ئالاقىسى بار ئىكەن. ئەدەبىيات ماڭا جىق نەرسىلەرنى بەردى. شۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى ئادىمىلىك بولدى. بۈگۈنكىدەك ئېتىقادنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەنزىلى خىرەلىشىۋاتقان، ئەخلاقنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى بۆسۈلۈپ كېتىۋاتقان جەمئىيەتتە ھەممىدىن مۇھىمى ئادەم بولۇشتۇر. مەن سىلەرنىڭ ئادىمىلىكنى ئۆگىتىدىغان ياخشى كىتابلارنى ئوقۇشنى ۋە ئۇنى ئەمەلىي تۇرمۇشۇڭلارغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزۈڭلارغا خاس قىممەت سىستېمىسى ۋە دۇنيا قاراش تىكلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن.

3

پائالىيەت ئاخىرىدا مەن يەنە بىر ئىشتىن خەۋەر تاپتىم. «باشئەگىمدە كىتاب ۋە مەۋجۇدىيەت» تېمىسىدىكى بۇ پائالىيەت ئاساسلىقى يازغۇچى، لوپنۇرشۇناس مۆيدىن سايىت بوستان ئاكىغا تون كىيگۈزۈش ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇساپىسىنى مۇھاكىمە قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، بۇ پائالىيەت ئۆتكۈزۈلۈشكە ئاز قالغان ھەتتا ئۇنىڭغا ئاتالغان تونمۇ تەييارلىنىپ بولغاندا بۇ موىسىپىت يازغۇچى 2016 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن قازا تېپىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئاللىقاچان ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغان ئىشلار بولغاچقا پائالىيەتنىڭ مەزمۇنىغا ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ، ئەلگە جاكارلاپ بولۇنغان بۇ ئەھمىيەتلىك پائالىيەت داۋاملىق ئېلىپ بېرىش قارار قىلىنىپتۇ. پائالىيەت ئاخىرىدا مەرھۇمغا تەييارلانغان تون ئۇنىڭ قىزىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈلدى. مەرھۇمنىڭ قىزى ئۆكسۈپ تۇرۇپ، كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۇقمايدىغان مۇنداق بىر ئىشنى ئېيتىپ بەردى.

— دادام، — دېدى ئۇ، — ئۆزىنى ئەدەبىياتقا شۇنچىلىك ئاتىغانىدى، مەن تېخى يېقىنغىچە ئۇنىڭ ئۆزىگە «بوستان» دېگەن سۆزنى ئەدەبىي تەخەللۇس قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئۆيىمىز كورلا شەھەر بوستان يېزىسىدا بولغاچقا ئۆزى تۇغۇلۇپ، چوڭ بولغان جاينىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن دەپ ئويلاپتىكەنمەن. كېيىن بىلدىمكى، ئۇ ئۆزىگە «بوستان» تەخەللۇسىنى قويۇشتىن بۇرۇن كورلىغا كەلگەن بىر نەچچە يازغۇچىلار بىلەن بولغان سۆھبەت ئارىلىقىدا ئۇلارنىڭ دادامغا: «كورلىدا ئەدەبىيات ھاۋاسى تولىمۇ سۇس، بۇ يەر ئەدەبىياتنىڭ چۆللۈكى» دېگەن سۆزى تولىمۇ تەسىر قىپتۇ ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە «مەن كورلىدا چوقۇم ئەدەبىياتنىڭ بوستانلىقىنى بەرپا قىلىمەن» دەپ ۋەدە بېرىپ، «بوستان» سۆزىنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلىپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كورلىدا «ئەدەبىياتنىڭ بوستانلىقىنى بەرپا قىلىش» ئۈچۈن ئەدەبىيات بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتتى. سىلەر دادامنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ بۇ توننى تەييارلاپسىلەر، توغرا، دادام بۇ تونغا ھەقىقەتەن لايىق كىشى ئىدى، ئەپسۇس، ئۇ كېتىپ قالدى، ئەمدى بىز بۇ توننى كىمگە كىيگۈزىمىز! — مەرھۇمنىڭ قىزىنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان بۇ سۆزلىرى پۈتكۈل زالنى يەرگە يىڭنە چۈشسە ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىققا باشلىغان ئىدى، يەنە بەزىلەر ئۈنسىز كۆز يېشى قىلىۋاتاتتى، --- شۇڭا بۇ توننى دادامنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئەڭ يېقىن دوستى، كورلىدىن يېتىشىپ چىققان ياش شائىر ئەسقەر ياسىنغا كىيدۈرۈپ قويۇشنى ئويلاشتۇق، ئۇ دادامنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىن بىرى شۇنداقلا دادامنىڭ كېيىنكى ئۈمىدى ئىدى. گەرچە ئۇ خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەتكەن بولسىمۇ ئەمما دادام ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، كورلىدا «ئەدەبىياتنىڭ بوستانلىقىنى بەرپا قىلىش» ئۈچۈن بىر كىشىلىك كۈچىنى چىقارغان ھەم ھازىرمۇ چىقىرىۋاتىدۇ. بۇ توننى ئۇنىڭغا كىيگۈزۈش بەلكىم دادامنىڭمۇ ئۈمىدى بولسا كېرەك.

ئابدۇۋەلى ئەلى ئاكا تەكلىپ بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، توننى مەرھۇمنىڭ قىزىنىڭ قولىدىن ئالدى ۋە گاڭگىراش ئىلكىدە سەھنىگە چىققان شائىر ئەسقەر ياسىن ئاكىغا كىيگۈزۈپ قويدى. بىردەملىك ئالقىشتىن كېيىن زال ئىچى يەنە جىمجىتلىققا چۆمدى. ئەسقەر ياسىن ئاكىنى «نېمە دەركىن» دەپ كۈتۈپ ئولتۇرغان كىشىلەر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەندەك تولىمۇ يەڭگىل نەپەس ئالاتتى. ئەسقەر ياسىن ئاكىنىڭ ئېغىر ئۇھسىنغان ئاۋازى مىكروفون ئارقىلىق زالنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە يېتىپ باردى. بۇ ئېنىقكى مەرھۇم مۆيدىن سايىت ئاكىنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپاتىغا بولغان چوڭقۇر قايغۇ ۋە ئەپسۇسلىنىش ئىلكىدىكى ئۇھسىنىش ئىدى. بۇ توننى ئۆزىگە كىيگۈزۈپ قويۇشنى ئويلاپمۇ باقمىغان ھەم بۇ ئىشتىن ئالدىن خەۋىرى يوق ئەسقەر ياسىن ئاكىنىڭ شۇ تاپتىكى مۇرەككەپ ھېسسىياتىنى ھېس قىلىش تولىمۇ قىيىن ئىدى. ئۇ ئېغىرلاشقان لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ پەقەت «رەھمەت» لا دېيەلىدى. قارىماققا ئۇنىڭ ئېغىزىغا باشقا بىرەر سۆزمۇ كەلمىگەندەك تۇراتتى. ئەمما ئۇنىڭ جۇشقۇن قىياپىتىدىن ۋە نۇرانە كۆزلىرىدىن «بۇ توننى كىيگەن ئىكەنمەن، مويدىن سايىت ئاكىنىڭ ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدىنى چوقۇم يەردە قويمايمەن» دېگەن ئۈمىدۋارلىق ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ بالقىپ تۇراتتى. رىياسەتچى پاتىمە ھەسەن ئۆگەن ھەدىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى جىمجىتلىقنى بۇزدى، ئەتە چۈشكىچە كورلا شەھەرلىك زۇبەير كىتابخانىسىدا ئىمزالىق كىتاب سېتىش بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بۇ پائالىيەتنىمۇ ئاياغلاشتۇردى.

شۇنداق قىلىپ باشئەگىم دىيارىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئەھمىيەتلىك بۇ پائالىيەتلەر ئاخىرلىشىپ، ئۇستاز ئەدىبلەر قايتتى. ئەمما ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ئاكتىپ ئېنېرگىيە كىشىلەرنى، جۈملىدىن مېنى ھازىرغىچە ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرماقتا.

(ئاپتور: چەرچەن ناھىيە يېڭى ئۆستەڭ يېزىلىق دوختۇرخانىدا)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@sina.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# زاماننىڭ چاقىرىقى: ئۆزگىرىش كېرەك

◉ ئالىم كېرىم كۆكئالىپ

## مۇقەددىمە

بەزى تونۇشلىرىمدىن: «ھازىرقى ياشلار ئۆزگىرىش ياساۋاتىدۇ» دېگەن سۆزلەرنى بىر قانچە قېتىم ئاڭلىغاندىن كېيىن، راستىنلا ياشلارنىڭ ئۆزگىرىش ياساۋاتقان ياكى ياسىمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە ئەتراپىمغا نەزەر سېلىشقا باشلىدىم. پۇرسەت بولسىلا ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى ياشلار بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىدىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ياشلار راستىنلا ئۆزگىرىش ياساۋاتقاندى، جەمئىيەتنى ئۆتكۈر كۆزى بىلەن كۆزىتىپ، ماڭا بۇ ھەقتە ئۇچۇر يەتكۈزگەن دوستلىرىم راست ئېيتقاندى.

بۇ قېتىمقى زىيارىتىم ئاساسي قاتلامدا بولدى. زىيارەت ئوبيېكتلىرىم ئىگىلىك تىكلەش يولىدا تىنىمسىز تىرىشۋاتقان يىگىتلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ھېكايىلىرى ماڭا زامانىمىز ياشلىرىنىڭ پۇرسەت خىرىس گىرەلىشىپ كەتكەن دەۋرىمىزدە ئىدىيە ۋە دۇنيا قاراشتا ئۆزگىرىش ياساۋاتقانلىقىنى ئىپادە قىلىپ بەردى.

يىللاردىن بېرى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت تېپىش بېسىمى ھەققەتەن چوڭ بولدى. ھۆكۈمەتنىڭ ھەرخىل ئىلھام بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى بىلەن بەزى ئىستۇدېنتلار ئىگىلىك تىكلەش يولىغا ماڭدى. بەزى ياشلارنىڭ ئىگىلىك تىكلىشى دەماللىققا خىزمەت بېسىمىنى يېنىكلىتىش بىلەنلا چەكلەنگەن بولسا ئەمەلىيەتتە ئۇلار بازار، تىجارەت ۋە سودىنى يېڭىدىن تونۇشقا باشلاۋاتقاندى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ نەزەر دائىرىسى كېڭەيگەندى.

## ئۆزگىرىش ئۈچۈن ئۆگىنىش كېرەك

تىنىمسىز تۇرمۇش بەزىدە كىشىنى ھاسىرىتىپمۇ قويىدۇ. بەلكىم، بۇ ھاسىرىغان نۇقتا شۇ كىشىنىڭ تۇرمۇشتا ئۆزگىرىش ياسايدىغان بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە سوغۇققانلىق بىلەن ئەتراپقا نەزەر سېلىشى، چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىشقا باغلىق. «ئەقىلنىڭ دەللىلى — پىكىر» دەيدۇ دانالار. ئەتراپىدا قانداق ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى ئوبدان ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلالىغان كىشىلەرلا نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلەيدۇ.

مېنى دۇكىنىغا باشلاپ كىرگەن ئوتتۇرا بوي كەلگەن يىگىتنىڭ ئىسمى ئەكرەم غوپۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ نامىدا بىر راۋېزا دۇكىنى ئاچقاندى. دۇكاننىڭ ئىچى چاققانغىنا سەرەمە-



جانلاشتۇرۇلغان بولۇپ كىشىگە ئىللىق تەسىر بېرەتتى. ئۇ ئالدىمغا بىر تەخسە راڭپىزىنى قويدى. ئاچچىق - چۈچۈك راڭپىزا ماڭا ئوبدانلا تېتىدى.

— ئۆزىمىز ئەتكەن مۇشۇ راڭپىزىغا «ئەكرەمبەگ» ماركىسىنى ئەنگە ئالدۇرغىنىمغا بىر يىلدىن ئاشتى. ھازىر ناھىيەمىزدىكى بەزى چوڭ رېستوران ۋە ئاشخانىلار راڭپىزامىنىڭ خېرىدارى. ھازىر تۈرلۈك سېتىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىمەن، — دېدى ئەكرەم غوپۇر.

دىيارىمىزدا ماركىنى ئەنگە ئالدۇرۇش قىزغىنلىقى خېلى بۇرۇنلا باشلانغانىدى، بىراق ماركا توغرىسىدا بىلىشى يوق دېيەرلىك كىشىلەر نۇرغۇن. ماركا تىكلەشنىڭ ئىناۋەت، نوپۇز تىكلەش بىلەن بىللە يەنە يۈكسەك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلار ئاز ئىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، ماركا تىكلەش —— مەسئۇلىيەتنىڭ يۈكلىنىشى دېگەنلىك بىلەن تەڭداش. ئەكرەم غوپۇر بۇ نۇقتىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەنلەرنىڭ بىرى ئىدى.

ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان راڭپىزا ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىغا باشلىدى. زاۋۇت ئورنى ئۇنىڭ دۇكىنى بىلەن تام قوشنا بولۇپ، ئالاھەزەل 300 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا كېلەتتى. تەم تەڭشىگۈچ تەييارلاشتىن تارتىپ پىششىقلىنىپ چىقىرىشقىچە بولغان جەريانلارنىڭ ھەممىسىگە ئايرىم رايون بەلگىلەنگەن زاۋۇت مەيدانى كىشىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى.

— مۇشۇ كۈنلەردە يېمەكلىك بىخەتەرلىكى قاتتىق تەكىتلىنىۋاتىدۇ، ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا ئاكتىپلىق بىلەن ئاۋاز قوشماسلىق بولمايدۇ. ئىشەنچ ھەممىدىن مۇھىم، — دېدى ئەكرەم غوپۇر.

ئۇنىڭ بۇنچە چوڭ كۆلەمدىكى ئورۇننى تەييارلاپ زاۋۇت قۇرماقچى بولغىنى ئىشەنچلىك يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش بولۇپلا قالماستىن يەنە چوڭ ئىشلارنى قىلىش خىيالىمۇ باردەك قىلاتتى.

مەن ئەكرەمنىڭ زاۋۇت ئورنىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن تەپسىلىي پاراڭلاشتىم.

ئەكرەم ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا مەھەللىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپتۇ. دەرسلەرنى جانلىق ئۆتۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان بۇ يىگىتنى مەكتەپ رەھبەرلىكى داۋاملىق ئىشلەشكە دەۋەت قىلىپ، تەمىناتىنى تېخىمۇ ياخشىلاپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ كۆڭلىگە باشقىچە پىلان پۈككەن ئەكرەم مەكتەپتىكى خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپتۇ. دەسلەپتە سودىدا دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپتۇ، كېيىن قەرز ئېلىپ ئىككى نىمكەش يۈك ماشىنىسىنى سېتىۋېلىپ مەھەللە - كويلاردا قىزغىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىپتۇ. ئۇ كۈنىگە مىڭ يۈەن، ھەتتا 2000 يۈەندىن پۇل تېپىپ قەرزلىرىنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ. ئاخىرىدا يەنە تېخى ئۇنىڭ قولىغا يەنە بىر مۇنچە پۇل ئېشىپتۇ.

ئۇ ئىككى يىل جاپالىق ئىشلىدى، پۇلنىمۇ تاپتى، پۇل بىلەن بىللە ئەقلىمۇ تاپتى، ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىدا خۇددى «ياغ ئىچىدىكى بۆرەك»تەك چوڭ بولغان بۇ يىگىت تۇرمۇشتىن بىر مۇنچە تەجرىبە ئىگىلىگەن «بېشى پىشقان» ئەرگە ئايلانماقتا ئىدى. كۈندە ئىككى ماشىنا بىلەن شېغىل ۋە خىش توشۇش ئۇنى ھاسىرىتىپمۇ قويغانىدى، شۇنداق چاغلاردا ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىستىپا بەرگىنىگە پۇشايمانمۇ قىلىپ قالاتتى. ئۇ ئالدىغا قاراشنى نىيەت قىلغانىكەن ئۆتكەن ئىشلار ئۈچۈن ئىچىنى ئاچچىق قىلغاننىڭ پايدىسى يوق ئىدى. ئۇ مەھەللىگە چىققاندا بازار ئارىلىغاندا ۋە ياكى رادىيو - تېلېۋىزور تەشۋىقاتىغا قۇلاق سالغاندىمۇ «ئىككىنچى قەدەمنى قانداق بېسىشىم كېرەك» دېگەننى زادى يادىدىن چىقارمىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە «تەشنا» ماركىسىدىكى پۇرچاق ئۇيۇتمىسى ھەققىدە خەۋەر ئاڭلاپ قالدى. پۇرچاق ئۇيۇتمىسىدىن قىلىنغان تائاملار تاماق ئۈستىلىدە بارغانسېرى كۆپ كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ئەكرەم دەرھال تەشنا زاۋۇتىنىڭ خوجايىنى بىلەن ئالاقىلاشتى. ئۆزى ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي غۇلجىغا باردى، پۇرچاق ئۇيۇتمىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن «تەشنا» ماركىسىدىكى پۇرچاق ئۇيۇتمىسىنىڭ پىچان ناھىيەسىدىكى ۋاكالەتچىلىكىنى ئېلىۋېلىپ قايتتى. ئۇنىڭ سودىسى دەسلەپتىلا ياخشى بولدى. ئېلىپ كەلگەن ماللار ناھايىتى تېزلا تۈگىدى. كۈز ۋە قىش ئۆتۈپ ھاۋا ئىللىشقا باشلىغاندىن كېيىنلا مەسىلە تۇغۇلدى، يەنى غۇلجا بىلەن پىچاننىڭ ئارىلىقى يىراق، پىچاننىڭ ھاۋاسى ئىسسىق بولغانلىقتىن پۇرچاق ئۇيۇتمىلىرى يولدىلا بۇزۇلۇپ قالاتتى ياكى ئۇزاققا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. شۇنداق قىلىپ قىسقىلا ۋاقىت داۋام قىلغان بۇ سودا ئۈزۈلۈپ قالدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭ پۇرچاق ئۇيۇتمىسىغا ئۆگىنىپ قالغان خېرىدارلار ئۇنىڭدىن مال سورىدى، نېمە بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇشتى.

ئۇ ئاقسۇنىڭ ئونسۇ ناھىيەسىدە پۇرچاق ئۇيۇتمىسى زاۋۇتىنىڭ بارلىقىنى، تېخنىكا ئۆگىنىشكىمۇ ئىمكانىيەتنىڭ يار بېرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئونسۇغا باردى. ئۇ بۇ يەردە ئىككى ھەپتە تۇرۇپ پۇرچاق ئۇيۇتمىسى ياساشنى ئۆگەندى، قايتىشىدا كېرەكلىك سايمانلارنى ئېلىپ قايتتى. ئۇ كېلىپلا يەنە پۇرچاق ئۇيۇتمىسى سېتىشنى داۋام قىلدى.

راڭپىزا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ، شۇنداقلا ھەر مىللەت كىشىلىرى ياقتۇرۇپ يەيدىغان يېمەكلىك. ئەمما، بىر قانچە يىلدىن بۇيان يېمەكلىك «قارا ئۇۋۇلىرى» ھەققىدىكى خەۋەرلەر چىققاندىن كېيىن كىشىلەر بۇنىڭدىن شۈبھىلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەكرەم دەل مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلىپ راڭپىزا ئىشلەپچىقىرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ دەرھال كېرەكلىك ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈپ ئىشقا كىرىشتۈردى. پۇرچاق ئۇيۇتمىسى ياساشتا قىممەتلىك تەجرىبىگە ئىگە بولغان بۇ يىگىت ناھايىتى تېزلا بۇنىڭ ئېپىگە كىرىۋالدى. ئۇ راڭپىزا دۇكىنى ئېچىپ پارچە سېتىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى بىرلەشتۈردى. راڭپىزىغا قارىتا نۇرغۇن كىشىلەر «ئاسان سىڭمەيدۇ، ئاشقازاننى ئاغرىتـ

ئۇيغۇر كىتاب بېكىتى www.uyghurkitap.com

دۇ» دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغا نىسبەتەن ئەكرەم ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى، يەنى راڭپىزىنىڭ چۆپىنى كەڭرەك، نېپىز قىلىپ چىقاردى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ خېرىدارلىرى رازى بولدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ناھىيە بازىرىدىكى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن يېزا بازىرىدىكى ئاشخانىلارنىڭ ئاساسلىق تەمىنلىگۈچىسى بولۇپ قالدى.

— ئارىلىقتا پۇرچاق ئۈيۈتمىسى چىقىرىشنى توختىتىپ قويدۇم، ئەلۋەتتە بۇ پۇرچاق ئۈيۈتمىسىدىن ۋاز كەچكىنىم ئەمەس. بۇنى تېخىمۇ ئۆلچەملەشتۈرمەكچى بولۇۋاتىمەن. راڭپىزىنى قاپلىق قىلىپ، ئەنگە ئالدۇرغان ئەكرەمبەگ ماركىسىنى چاپلىدىم. قاپلىق قىلىشىمۇ سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن. زاۋۇت قۇرۇلۇشىغا ئالدىراۋاتىمەن، زاۋۇت ئىشقا كىرىشىپ قالسا ئازراق بولسىمۇ ئىش ئورنى يارىتىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن كۈچ قوشالايدىكەنمەن، — دېدى ئەكرەم.

ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشقان يىگىت بۈگۈنكى كۈندە جەمئىيەت ئۈچۈن كۈچ قوشۇشنى بۇرچۇم دەپ ھېسابلايدىغان بولدى. ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي ئۆگىنىشكە باردى، ئۇنىڭ بۇ روھى كىشىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ.

ھازىر شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلارنىڭ ماددىي مەئىشەتتى مول، ئەمما مەنىۋىيىتى پۇچەك؛ قورساق توق، كىيىم پۈتۈن، ئەمما قائىدە - يوسۇنى كەم؛ ھەرىكەت ئەركىن، ئەمما تۇيغۇسى بېكىنمە. نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بۇرۇقتۇرما كەيپىيات جەمئىيەتتىكى ئاشۇ كىشىلەرنى ئىلكىگە ئېلىۋالىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى نۇرغۇن، مۇھىملىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھاياتنىڭ مەنىسىنى ۋە قىممىتىنى، ھاياتنىڭ يۆنىلىشىنى تاپالمىغانلىقىدا. ئېنىق بولغان قىممەت قارىشىنىڭ بولماسلىقى جەمئىيەتنىڭ قالايمىقانلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇنداق قاراشتىكىلەر يالغۇز مەنىلا ئەمەس، ئەلۋەتتە.

بۇ خىل ھالەتكە قارىتا، «ئادەم نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ؟» دېگەن ئەڭ نېگىزلىك مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك: بۇنىڭغا ئىجابىي تەرەپتىن جاۋاب ئىزدىگەندە بىر «پەلسەپە»نى تىكلەپ، ئۇنى ھاياتىمىزغا كومپاس قىلىش كېرەك. بارلىق «پەلسەپە»نى ئىدىيە، تەپەككۇر ... دېگەندەك ئاتىغىلىمۇ بولىدۇ. ئەكرەمنىڭ ئىدىيەسى بويىچە بولغاندا ئۆزگىرىش ئۈچۈن ئۆگىنىش كېرەك.

## بىزدە ئۈمىد ھەرگىز كەم بولمىدى

مەن بۇ ئىككى يىگىتنى كىچىكىمدىن تونۇيمەن، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان دېسەممۇ بولىدۇ. بەكرى ئىبراھىم بولسا گۈزەل سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى، ئەلى ئابدۇللا بولسا دەسلەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، كېيىن يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئىككەيلەننىڭ ئورتاق قىزىقىشى ئۇلارنى بىر يەرگە ئېلىپ كەلگەن دېسەك ھەرگىز ئارتۇق كەتمەيدۇ. بۇنىڭدىن بىر قانچە يىل بۇرۇن بەكرى ئىبراھىم «كۆپ ئىقتىدارلىق شۇمەك»كە پاتېنت ھوقۇقى ئىلتىماس قىلغانىدى. شۇ ۋاقىتلاردىلا ئەلى ئۇنىڭ كۈچلۈك مەدەتكارى ۋە قوللىغۇچىسى بولغانىدى. ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئىككەيلەن بىر - بىرىدىن زادىلا ئايرىلىپ باقمىدى.

سودىغا بولغان قىزىقىش بۇ ئىككەيلەننى زادىلا تىنىم تاپقۇزمىدى. ئۇلار دەسلەپتىلا بازار كۆزىتىشكە باشلىدى. مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ ئاۋات بولۇشى، مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنىڭ سۈپەت جەھەتتە كىشىنى خاتىرجەم قىلالمايدىغان تەرەپلىرى ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان بەكرىنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇراتتى. ئۇ ئەلى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئوقۇغۇچىلارغا كېرەكلىك بولغان مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى بازارغا سېلىشنى پىلانلىدى.

بەكرى ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، ھەرقايسى دەرسلەرگە ماس بولغان دەپتەر ئۈلگىسىنى لايىھەلىدى. زاۋۇت بىلەن ئۇقۇشۇپ، سۈپەتلىك، زىيانلىق تەركىبلىرى بولمىغان قەغەز ئىشلىتىپ دەپتەرنى باستۇردى. ئۇلار دەسلەپتىلا بازارنىڭ ئەھۋالىنى توغرا مۆلچەرلىمىگەنلىكتىن، دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئىسكىلاتقا تولۇپ تۇرغان دەپتەرلەر سېتىلىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما سودىدىن كىرگەن پۇل ئارانلا باسما ھەققىنى تۆلىيەلىدى. سېتىش يوللىرىنى توغرا ۋە ياخشى ئىگىلىيەلمەسلىك ئۇلارنىڭ تۇنجى ھەم چوڭ سودىسىدا مەغلۇپ بولۇشىنىڭ چوڭ سەۋەبلىرى ئىدى. بەكرىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن لايىھەلىگەن چىرايلىق لايىھەلىرىمۇ شۇ پېتى قالدى. ئەمما، ئۇلار ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان تەجرىبىلىك يىگىتلەر بولۇپ قالدى.

بەكرى بىلەن ئەلى ئاسانلىقچە بەل قويۇۋېتىدىغانلاردىن ئەمەس، ئۇلار مەدەنىيەت بازىرىغا مەبلەغ سېلىپ، بۇنىڭ ئۈچۈن زېھىن سەرپ قىلغانىكەن بۇ يولدىن ئاسانلىقچە كەينىگە قايتمايتتى. ئىككەيلەن ھە دېگەندە ئۆزلىرىنىڭ قايسى نۇقتىدا كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى مۇلاھىزە قىلىشتى، ئاخىرىدا نەزىرىمىزنى تېخىمۇ كەڭ قويۇۋېتەلمەپتىمىز دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىككەيلەن يەرمەنكە، كۆرگەزمىلەرگە قاتنىشىپ تەجرىبە ئىگىلىدى. تەجرىبىلىك سودىگەر، كارخانىچىلار بىلەن دىدار مۇلاقەتتە بولدى. بىر-ئىككى يىل ئىچىدە بەكرى بىلەن ئەلىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالىدا كەزمىگەن يەرلىرى ئاز قالدى.

خەلقىمىزنىڭ ئېسىل سەنئەت ئۇدۇمىغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە، ئۇنى زامانغا ماسلاشتۇرۇپ تاۋارلاشتۇرۇش يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خېلىلا ئەۋج ئېلىپ قالدى. خەتتاتلىق ئەنە شۇنداق سەنئەت تۈرىنىڭ بىرى. ئاپتونوم رايونىمىزدا خەتتاتلار قوشۇنى كىچىكلىكتىن زورىيىپ كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. ئەمما، خەتتاتلارنىڭ قولىدىن چىققان ئەسەرلەر پارچە سېتىلىش ياكى يەرمەنكىلەردە كىم ئار-

تۇق قىلىپ سېتىلىش ھالىتىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل تاۋار ھالىتىدە مەيدانغا چىقىشى ئەمەلگە ئاشمىدى. بۇ ئىككەيلەن مۇشۇ ساھەنى ئۆزلىرىنىڭ سودا ساھەسى قىلىپ تاللىدى.

بەكرى بىلەن ئەلى كىچىكىدىنلا ھۆسنخەت ھەۋەسكارى ئىدى. شۇنچە يىللاردىن بېرى تاشلاپمۇ قويمىغانىدى. بەكرى بىلەن بىللە پاتېنت ئىلتىماس قىلغان ئاشۇ ۋاقىتلاردىن تارتىپ، ئۇلار ۋاقتى يار بەرسىلا بىر يەرگە كېلىپ خەت يېزىپ مەشىق قىلاتتى. قەلەمنىڭ قەغەز ئۈستىدە «تىر-تىر» قىلىپ چىققان ئاۋازى ئۇلارنىڭ خۇشال كۈلكىلىرىگە قوشۇلۇپ كېتەتتى. ئىككەيلەن يۇرت-يۇرتلارنى كەزگەن ۋاقىتلىرىدا نۇرغۇن خەتتاتلار بىلەن تونۇشتى، ئەسرالاشتى. بىر قېتىملىق تاسادىپىي پۇرسەتتە ئىككەيلەننىڭ كاللىسىغا ھۆسنخەتنى ھەقىقىي مەنىدىكى تاۋارغا ئايلاندۇرۇش ياكى ھەقىقىي مەنىدە جەمئىيەتلەشتۈرۈش خىيالى كىرىپ قالدى.

بىر قېتىم ئۇلار سودا قىلىۋاتقان ۋە سودىغا قىزىقىدىغان كىشىلەر بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ قالدى. بۇ يەردە داستىخاننىڭ موللۇقىدىن دېيىلىۋاتقان گەپلەرنىڭ مەزمۇنى مول بولدى. بىرەيلەن شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدىلا بەكرى بىلەن ئەلىگە:

— ئىككىڭلارنىڭ تىرىشىۋاتقىنىڭلارنى بىلىمىز، ئەمما سودىدا ناھايىتى تېزلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مۇمكىن ئەمەس. مەن سىلەرگە مۇشۇ ھۆسنخەتنى تاۋارلاشتۇرۇپ بېقىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىڭلارلا خەت يازىسىلەر، سودىمۇ قىلىپ بەلگىلىك تەجرىبە توپلىدىڭلار، — دەپ مەسلىھەت كۆرسەتتى.

بۇ مەسلىھەت بەكرى بىلەن ئەلىنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئىككەيلەن بۇ يەردىن تارقىغاندىن كېيىن ئوبدان مەسلىھەتلىشىپ، ئىشنى مەدەنىيەتنىڭ يەنە بىر شېخى — گۈزەل سەنئەتتىن باشلىماقچى بولدى. ئۇلار بىرقانچە يىلدىن بۇيان قىلىۋاتقان سودىسىنىڭ چېچىلاڭغۇ ھالەتتە بولۇپ قېلىشى ھەقىقىي مەنىدىكى سودا تۈسىگە ئىگە بولغان ئورۇنغا — شىركەتكە ئىگە بولمىغانلىقىنى بىلگەنىدى. شۇڭا، ئالدى بىلەن «شىنجاڭ سەرۋەر مەدەنىيەت تارقىتىش شىركىتى»نى ئالدۇردى. ئىككىنچى قەدەمدە بىرقانچە ھۆسنخەت ھەۋەسكارلىرىنى يىغدى، بۇنىڭ بىلەن ئىش قوبۇل قىلالايدىغان ۋە ئىش بېجىرەلەيدىغان بولدى. بۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ئۇلار يازغان ئەسەرلىرىنى يەرمەنكە ۋە بازارلاردا ساتتى، باشقىلارنىڭ بۇيرۇتمىلىرىنى ئىشلىدى. خەتلىرىنىڭ ئالدى نەچچە مىڭ يۈەندىن، كەينى بىر نەچچە يۈز يۈەنگىچە سېتىلدى. لېكىن، بۇ ئەنئەنىۋى بولغان ھۆسنخەت ئەسەرلىرىنى سېتىش ئىدى، بۇنداق قىلغاندا سېتىش يوللىرى چەكلىك بولۇپ قالاتتى - دە ئۇلارنىڭ نىشانى كۆز يەتكۈسىز يىراقتا قالاتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟

— بىز ھەرخىل خەتتاتلىق يىغىلىشلىرىغا، يەرمەنكىلەرگە قاتناشتۇق. يايمىمىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن ھەر قانداق كىشى قەدىمىنى توختىتىپ، بىز بىلەن پاراڭلىشىدۇ، خەتلىرىمىزنى كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ چېھرىدىكى رازىمەنلىك بىزنى ھەرۋاقىت ئۈمىدلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. بىز ھېچقاچان ئۈمىدسىز بولۇپ باقمىدۇق، ئۈمىدسىزلەنگەن بولساق، بۇ ئىشتىن ئاللىقاچان قول ئۈزگەن بولاتتۇق. «ئالتۇن كۆۋرۈك خەلقئارا يەرمەنكىسى»، تۇرپان ئۈزۈم بايرىمى قاتارلىق يەرمەنكە، بايراملارغا قاتنىشىپ، ئۆزىمىزنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىللە، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتتۇق، — دېدى بەكرى ئىبراھىم.

ئۇلار «كۆزنى ئېچىش» بىلەن بىللە، ئەمەلىي خىزمەتلىرىنىمۇ ئىشلىدى. يېقىندىلا بىر قانچە بېزەكچىلىك شىركەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ھۆسنخەت بىلەن بېزەلگەن ئۆي بېزەكلىرىنى كىشىلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ چىرايلىق خەتلىرى ئۆي - ئۆيلەردە جۇلا قىلىدۇ.

كونىلار: «ئۈمىد ياشنىتىدۇ، غەم قاقشىتىدۇ» دەيدۇ. ئەلى بىلەن بەكرىنى يىللاردىن بۇيان يۆلەپ تۇرۇۋاتقىنى قىلىۋاتقان خىزمىتىمىزنىڭ ئىستىقبالى پارلاق، دېگەن ئۈمىدتىنلا ئىبارەت. ئۇلار مۇشۇ ئۈمىدنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىدە قىممەتلىك بولغان تەجرىبىلەرنى توپلىدى، نەزەر دائىرىسىنى ۋە بىلىمىنى كېڭەيتتى.

## خاتىمە

ئادەتتە ئەمگەك قىلىشنىڭ مەقسىتى تىرىكچىلىك دەپ قارىلىدۇ. ئەمما، ئەمگەكنىڭ مەقسىتى تىرىكچىلىكلا ئەمەس، بەختلىك تۇرمۇش بولسا ئاز ئىشلەپ كۆپ مەھسۇلات ئېلىش، كۆپ ئارام ئېلىش، ھۇزۇر - ھالاۋەت سۈرۈشتۇر. مانا مۇشۇنداق تۇرمۇش قارىشىغا ئىگە كىشىلەرلا ئەمگەكنى جاپالىق ئىش دەپ قارايدۇ.

ھالبۇكى، ئەمگەك ئادەمنى قىممەتكە ئىگە قىلىش بىلەن ئۆز ئەھمىيىتىنى تاپىدۇ، ئەمگەك ئارزۇ - ئارماننى تىزگىنلەپ، نىيەتنى دۇرۇسلاپ، كىشىلىك قىممەتنى تۇرغۇزۇشتا ئۈنۈملۈك ۋاستە بولالايدۇ. ئەمگەك مەۋجۇتلۇق ئۈچۈنلا ئەمەس، يەنە كىشىنىڭ پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈنمۇ ۋاستە بولالايدۇ. ئەكرەم غوپۇر، بەكرى ئىبراھىم، ئەلى ئابدۇللالارنىڭ ئىش ئىزلىرى بىز دائىم ئاڭلاپ تۇرۇۋاتقان چوڭ-چوڭ ئىشلار ئەمەس، بىراق ئۇلار ئۆزىنىڭ تىنىمسىز ئەمگىكى بىلەن تىرىشىش ئارقىلىقلا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئۆزگىرىش زامانىمىزنىڭ چاقىرىقى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن ئاددىي ئاساسىي قاتلام ياشلىرىدۇر. زامان ئۆزگىرىڭلار، دەپ چاقىرىق قىلىۋاتىدۇ، دەرھەقىقەت ئۆزگىرىش ئۈچۈن توختىماستىن ئىزدىنىش كېرەك، باشتىن - ئاخىر ئۈمىدۋار بولۇشىمىز كېرەك.

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@126.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# پېداگوگىكا توغرىسىدا

◉ ئىمانۇئېل كانت (گېرمانىيە)





ئادەم — تەربىيەگە موھتاج بىردىنبىر جانلىقتۇر. تەربىيە دېيىلگەندە بىز تەلىم بىلەن بىر قاتاردا پەرۋىش قىلىش (قاراش، بېقىش)، تەرتىپ - ئىنتىزام (بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش) ۋە نەسىھەت قىلىش، يولىيورۇق كۆرسىتىشنى چۈشىنىمىز. شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ئىنسان گۆدەك — تەربىيەلەنگۈچى، ئوقۇغۇچى ۋە شاگىرت ھېسابلىنىدۇ.

ھايۋانلار ئۆز كۈچىدىن مۇنتىزىم رەۋىشتە ۋە ئۆزىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەي پايدىلىنىدۇ. بۇنىڭغا چوقۇم قايىل بولۇش كېرەك. مەسىلەن، قارلىغاچنىڭ بالىلىرى تۇخۇمدىن چىقار - چىقماي، كۆزلىرى تېخى ئېچىلماي تۇرۇپ ئەخلىتىنى ئۇۋىسىدىن چىقىرىپ تاشلاشنى بىلىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ھايۋانلارغا تەربىيە كېرەك ئەمەس، ئۇلارغا پەقەت ئوزۇق، ئىسسىق جاي، باققۇچى ۋە مەلۇم دەرىجىدە ھىمايە زۆرۈر، خالاس. كۆپلىگەن ھايۋانلارنى بېقىش لازىم بولىدۇ، لېكىن ئۇلار تەربىيەگە موھتاج ئەمەس. مۇشۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا تەربىيەنى ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرۋىش ئارقىلىق بالىلىرىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى زىيانلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىشىدىن ساقلىشى، كۆيۈمچانلىقى، دەپ چۈشىنىمىز. مەسىلەن، بىرەر جانىۋار تۇغۇلۇشى بىلەن بالىلارغا ئوخشاش قىقىراشقا باشلايدىغان بولسا بۆرە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يەم بولۇشى تۇرغان گەپ.

تەرتىپ - ئىنتىزام ياكى ئىتائەت قىلىش نەتىجىسىدە ھايۋانىيلىق ئادىمىيلىك بىلەن ئالمىشىدۇ. ھايۋان ئۆز تەبىئىتى بىلەن ھايۋاندۇر؛ شۇڭا يات بىر ئەقلىنىڭ ئۇنىڭ غېمىنى يېيىشىگە توغرا كېلىدۇ. ئىنسان بولسا ئۆز ئەقىل - ئىدراكىغا تايىنىدۇ. ئۇ مىجەز - خۇلق ۋە ئىش - ھەرىكىتى ئۈچۈن ئۆزى پىلان تۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. دۇنياغا كەلگەن چېغىدا بۇنىڭغا قادىر ئەمەسلىكى سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشنى باشقىلار قىلىشى لازىم بولىدۇ.

ئادەمزات ئۆزىنىڭ پۈتۈن تەبىئىي، تۇغما ئىنسانىيلىق قابىلىيىتىگە ئۆز ئىش - ھەرىكىتى بىلەن ئاستا - ئاستا ئېرىشىشى لازىم. بىر ئەۋلاد باشقا بىر ئەۋلادنى تەربىيەلەپ بارىدۇ. بۇ ھەقتىكى تۇنجى ھەرىكەتنى گۆدەكلىكتىن ياكى بولمىسا مۇكەممەل، ئوقۇمۇشلۇق ھالەتتىن باشلاشمۇ مۇمكىن. ئەگەر تىلغا ئېلىنغان كېيىنكى ھالەت ئالدىن بولۇپ ئۆتكەن دەپ پەرەز قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئادەم مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە قوپاللىشىپ، ئۆزگىرىپ، ياۋايى ھالەتكە قايتىشى مۇمكىن.

تەرتىپ - ئىنتىزام ئىنساننى ھايۋانىي ئارزۇ - ئىستەكلىرى ۋە ئىنسانىيلىق تەقدىر - قىسمىتىدىن ۋاز كېچىشتىن ساقلايدۇ. جۈملىدىن، ئىنتىزام ئادەمنى ياۋايىلىشىپ، ئويلىماي، ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ، خەۋپ - خەتەر چاڭگىلىغا چۈ-

شۇپ قېلىشتىن چەكلەپ تۇرىدۇ. ئىتائەت قىلىش، بويسۇنۇش بولسا سەلبىي نەتىجىدىن، يەنى ياۋايىلىشىشتىن ساقلايدىغان ھەرىكەتتۇر. ئەكسىچە، نەسىھەت قىلىش، يولىيورۇق كۆرسىتىش بولسا تەربىيەنىڭ ئىجابىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

ياۋايىلىق ياكى ياۋايىلىشىش قانۇنغا ئەمەل قىلماسلىقتۇر. شۇڭا تەرتىپ ئىنسانغا زۆرۈرىي، مەجبۇرىي ۋە مۇقەررەر ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بالىلارنى مەكتەپكە بېرىدۇ، بۇنىڭدىكى مەقسەت ئۇلارنىڭ شۇ يەردە بىر نېمە ئۆگىنىشى ئەمەس، بەلكى شۇ بالىلارنى جىم ئولتۇرۇشقا، ئېيتىلغان تاپشۇرۇقنى بېجىرىشكە ۋە كەلگۈسىدە كۆڭلىگە كەلگەن ھەر قانداق ئىشنى قىلىۋەرمەسلىككە كۆندۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئىنسان تەبىئىتى جەھەتتىن ئەركىنلىككە ئىنتىلىدىغان بولىدۇ. ئېھتىمال بۇنداق ھالەتكە ئۇزاق ۋاقىت كۆنۈپ قالغۇدەك بولسا ھەممە نەرسىنى قۇربان قىلىشىمۇ مۇمكىن.

دەل شۇ سەۋەبلىك يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك بالىلارنى تەرتىپ - ئىنتىزامغا كىچىكىدىن ئۆگىتىش كېرەك. ئۇنداق بولمىسا بالىلار ھەر قانداق كەيپىياتقا بېرىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئۇلارنى كېيىنچە ئۆزگەرتىش تەسكە چۈشىدۇ. بۇنىڭغا ياۋايى خەلقلەرنى مىسال ئېلىش مۇمكىن. ئۇلار ياۋروپالىقلارغا ئۇزاق ۋاقىت خىزمەت قىلغان بولسىمۇ ئەمما ياۋروپانىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا زادى كۆنەلمەيدۇ. رۇسسو ۋە باشقىلارنىڭ پىكرىگە قارىغاندا بۇ ئازادلىققا بولغان ئالىيجاناب ئىنتىلىش ئەمەس، بەلكى مەلۇم دەرىجىدىكى قوپاللىق، جاھىللىق، ياۋايىلىق بولۇپ، ھايۋاننىڭ تېخى ئىنسان سۈپىتىدە شەكىللەنمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم كىچىكىدىن تارتىپ ئەقىل - ئىدراك ئەمرىگە بويسۇنۇشقا ئۆگىنىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭغا بالىلىقىدا كۆڭلىگە قاراپ، ئېيتقىنىنى تەل قىلىپ، ئېتىراز بىلدۈرۈلمىگەن بولسا، ئۇنىڭ تەبىئىتىدە مۇئەييەن ھالدا بىر ئۆمۈر ياۋايىلىق ساقلىنىپ قالىدۇ. ئانا بالىنى بالىلىقىدا رەھىمدىللىك قىلىپ، پەپىلىگەن بولسا، بۇنىڭ ھېچ قانداق پايدىسى يوق، چۈنكى بۇنداق بالىلار چوڭايغاندا دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئالدىدا ھەر تەرەپتىن كۆپلەپ توسۇق ۋە زەربىلەرگە دۇچ كېلىدۇ.

بالىلارنىڭ ئېيتقىنى ئېيتقان، دېگىنى دېگەن بولۇپ، كىچىكىدە ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىماسلىقى، قىيىنچىلىق كۆرمەي ئۆسۈپ - يېتىلىشى چوڭلارنىڭ تەربىيەدە يول قويۇشقا بولمايدىغان خاتالىقى ھېسابلىنىدۇ. ئىنساننىڭ ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىشى سەۋەبلىك پەيدا بولغان ياۋايىلىقنى، قوپاللىقنى سىلىقلاش، تەكشىلەش زۆرۈر؛ ھايۋانلار بولسا ئۆز تەبىئىتى سەۋەبلىك بۇنىڭغا موھتاج ئەمەس.

ئىنسان تەلىم - تەربىيەگە موھتاج. تەلىم دېگەندە بىز تەرتىپ - ئىنتىزام، نەسىھەت قىلىش ۋە يولىيورۇق كۆرسىتىشنى چۈشىنىمىز. بۇ ھايۋانلارغا تەئەللۇق ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەقەللىيسى قۇشلارنىڭ سايراشنى ئۆگەنگىنىچىلىك چوڭلىرىدىن بىر نەرسە ئۆگىنىشكە قادىر ئەمەس. قۇشلارنىڭ سايراشنى ئۆگىنىشى خۇددى مەكتەپتە يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان مۇئەللىمنىڭ بالىلارغا بار ئاۋازى بىلەن كۇيلەپ، ناخشا ئۆگىتىۋاتقىنىدەك ۋە بالىلار بار ئاۋازلىرى بىلەن ئەنە شۇ ئاھاڭلارنى تەلەپپۇز قىلىۋاتقىنىدەك بەك تەسىرلىكتۇر. قۇشلار ئەسلىدە تەبىئىتى سەۋەبلىك سايرىماسلىقى، ئەمما بۇنى ئۆگىنىش ئېھتىياجى بىلەن سىناق قىلىشى مۇمكىن. كانارىيەكە ئىسمىلىك قۇشنىڭ تۇخۇملىرىنىڭ يېرىمىنى ئېلىۋېلىپ، ئورنىغا قۇشقاچ تۇخۇملىرى قويۇپ قويۇلسا ياكى ئۇچۇرما بولمىغان قۇشقاچ بالىلىرىنى ئۇنىڭ بالىلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇپ، ئۇۋىسىغا سېلىپ قويۇلسا، ئۇ قۇشقاچ بالىلىرى قۇشقاچتەك ئەمەس بەلكى، كانارىيەدەك سايرايدىغان قۇشقاچلارغا ئايلىنىدۇ. (كانتنىڭ قۇشقاچلار توغرىسىدىكى يۇقىرىدىكى پىكىرلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ھايۋانلارغىمۇ تەتبىقلاش مۇمكىن. مەسىلەن، ناھايىتى كىچىك تۇتۇۋېلىنغان شىر بالىسى چوڭايغاندىمۇ ياشانغان ياكى كېيىنچە ئازادلىقتىن مەھرۇم قىلىنغان شىرلارغا ئوخشاش ھۆركىرەلمەيدۇ. بۇ يەردە غەيرى ئۇيۇشما ياكى غەيرى تۇرمۇش تەرزىنىڭ ھايۋانغا نىسبەتەن قانچىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن.— ئىنگلىزچە نەشرىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرىدىن قىستۇرما).

ئىنسان پەقەت تەربىيە بىلەنلا ئادەم بولىدۇ. ئۇ تەربىيەسىز ھېچكىم ئەمەس. شۇنى قەيت قىلىش كېرەككى، ئىنساننى پەقەت تەربىيە كۆرگەن كىشىلا ياخشى تەربىيەلىيەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئادەملەرنىڭ ئىنتىزام ۋە يولىيورۇق كۆرسىتىش ئىقتىدارىنىڭ يېتىشمەسلىكى سەۋەبىدىن شاگىرتلىرى ياخشى تەربىيەگە ئىگە بولالمايدۇ. ئەگەر تەلىم - تەربىيە بىلەن بىمەنە، بىئەدەپ كىشىلەر شۇغۇللانسا بۇنىڭ قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلماق تەس ئەمەس. تەربىيە ئادەملەرگە بەزى ئىشلارنى ئۆگەتسە ئۇنىڭدىكى بەزى ئىشلارنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭدىكى تەبىئىي، تۇغما قابىلىيەتلەر قايسى دەرىجىدە بولىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگىلى بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە چوڭلار بىلەن بىرلىشىپ تەجرىبە ئۆتكۈزۈلسە ئادەمنىڭ نېمىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولاتتى. ئەمما كۆپىنچە چوڭلار پەقەت ئۆز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىرىنى ئويلاپ، تەربىيە ئۈچۈن شۇ قەدەر مۇھىم بولغان بۇنداق سىناققا قاتنىشىشنى خالىمايدۇ. ئەگەر بۇ سىناققا قاتناشقان بولسا تەبىئەتنىڭ تاكامۇللىققا قاراپ بىر قەدەم سىلجىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشقان بولاتتى.

ئەگەر كىمكى باللىقىدا تەربىيەسىز قېلىپ، بالاغەت يېشىدىمۇ بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى چوڭقۇر چۈشەنمىگەن بولسا؛ ئۆزىنىڭ تەربىيەسىدە قەيەردە، يەنى ئىنتىزامدىمۇ ياكى مەدەنىيەت (يولىيورۇق كۆرسىتىشنى شۇنداق ئاتاشمۇ مۇمكىن) ساھەسىدىمۇ خاتاغا يول قويۇلغانلىقىنى ئويلاپ كۆرمىگەن بولسا ئۇ ھېچكىم ئەمەستۇر. كىمكى مەدەنىيەتسىز بولسا ئۇ قوپالدۇر، كىمدە تەرتىپ - ئىنتىزام بولمىسا ئۇ ياۋايىدۇر. ئىنتىزامسىزلىق مەدەنىيەتسىزلىككە قارىغاندا تېخىمۇ ناچار ئىللەتتۇر. چۈنكى مەدەنىيەتنىڭ ئورنىنى كېيىنچە تولدۇرسا بولىدۇ؛ ئەمما ياۋايىلىقتىن ئەسلا قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، ئىنتىزام جەھەتتە يول قويۇش خاتا، كەمچىلىكنىڭ ئورنىنى ھېچقاچان تولدۇرغىلى بولمايدۇ. ئېھتىمال، تەربىيە كېيىنچە تېخىمۇ تاكامۇللىشىپ، ھەر بىر يېڭى ئەۋلاد كامالەتكە قاراپ يۈزلىنىشى مۇمكىن. چۈنكى تەربىيەدە ئىنسانىي تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ سىر - ھېكمەتلىرى مۇجەسسەمدۇر. بۇ ئىش ھازىرلا يۈز بېرىشكە باشلىشىمۇ مۇمكىن. دېمەك، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تەربىيە ئارقىلىق يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ، شەكىللىنىپ بارىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشنىڭ ئۆزى نېمىدېگەن كاتتا ئىش! بۇ بولسا بىزگە ئىنسانىيەتنىڭ يەنىمۇ بەختلىكرەك كېلەچىكى ئۈچۈن يېڭى - يېڭى رۇجەكلەرنى ئاچىدۇ.

تەربىيەنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى لايىھەسى ئاجايىپ مۇھىم ھېسابلىنىدۇ، ئۇنى دەرھال ئەمەلگە ئاشۇرالمىساقمۇ ھېچقانداق زىيىنى يوق. پەقەت ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا دۇچ كېلىدىغان توساق ۋە قىيىنچىلىقلاردىن قېچىپ خىيالىي، بىھۇدە، بولمىغۇر غايە ياكى ئاجايىپ، گۈزەل چۈش سۈپىتىدە يامانلاپ قارىماسلىق بولغىنى.

چۈنكى، غايە تېخى تەجرىبىدە مەۋجۇت بولمىغان مۇكەممەللىك چۈشەنچىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەسىلەن، ئادىل قانۇن - قائىدىلەر ئاساسىدا باشقۇرۇلىدىغان مۇكەممەل دۆلەت غايىسى! ئەڭ ئاۋۋال، غايە توغرا بولمىقى لازىم، ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا دۇچ كەلگەن بارچە توساق ۋە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئۆتكىلى بولىدۇ. مىسال ئۈچۈن ئېيتايلى، ھەممە ئادەم يالغان گەپ قىلىپ، ئالدامچىلىق قىلىۋەرگەنلىكى ئۈچۈن راستچىل ئادەممۇ يالغانچى، راستگۇيلۇق بولسا تەنتەكلىك بولۇپ قالامدۇ؟ ئىنساننىڭ تەبىئىي، تۇغما قابىلىيەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان تەربىيە غايىسى ھەر ھالدا ھەقىقىي، ھەققانىي ۋە بار گەپ.

ھازىرقى تەربىيە جەريانىدا ئادەم دائىم ئۆز مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى، ئادەملەر ئوخشىمايدۇ، ياشاش تەرزىمۇ ھەرخىل! ئۇلار پەقەت بىر خىل كۆنۈكمە ئاساسىدا ھەرىكەت قىلغان تەقدىردىلا بىر - بىرلىرىگە ئوخشاشلىقتا، بىرخىللىقتا ئېرىشىدۇ ۋە بۇ كۆنۈكمە ئۇلار ئۈچۈن ئىككىنچى تەبىئەتكە ئايلىنىدۇ. بىز تەلەپكە لايىق تەربىيە پىلانى تۈزىشىمىز ۋە بۇ دەستۇر— قوللانمىنى ۋاقتى كەلگەندە ئاستا - ئاستا ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن كېلەچەك ئەۋلادلارغىمۇ يەتكۈزۈشىمىز لازىم. بۇنى شۇنداق مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈش مۇمكىنكى، ئەۋرىكۇلە گۈلىنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ ئەكېلىپ كۆچۈرسەك ئۇ بىر خىل رەڭدە بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇرۇقىنى تېرىساق، پۈتۈنلەي باشقىچە ۋە تۈرلۈك رەڭدە جۇلالىنىدۇ. دېمەك، تەبىئەت ئۇنىڭغا باشلىنىش ئاتا قىلغان، ئەمدىكى گەپ ئۇنى (ئۇرۇقنى) مۇناسىپ تەرزدە تېرىشتا ۋە ئۈنگەن نوتىنى ياخشى كۆچۈرۈش ياكى كۆچەت قىلىشتا قالغان. ئىنسان زاتىمۇ دەل شۇنداق!

بىزنىڭ ئىشىمىز — ئادەملەرنىڭ نىيەت - مەقسەتلىرىگە ئېرىشىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تەبىئىي، تۇغما قابىلىيەتلىرىنى ئاھەڭلىق رەۋىشتە راۋاجلاندۇرۇشتۇر. ھايۋانلار بۇنى ئۆزلىرى بىلمىگەن ھالدا بېجىرىدۇ. ئىنسان بولسا بۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىنتىلىشى كېرەك، ناۋادا ئۇ ئۆز ئارزۇ، مەقسەتلىرى توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولمىسا ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن.

ئەگەر بىز ھەقىقىي بىلىملىك كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە قانداق تەربىيە بېرىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىدىغان بولساق باللار ئۇلارغا تەقلىد قىلىدۇ ۋە شۇ تەرىقىدە ئۇلارنىڭ تەبىئىي قابىلىيىتى تەرەققىي قىلىدۇ. لېكىن ھەممە ئاتا شۇنداق تەرزدە ئوقۇپ، ئۆگىنىۋەرمەيدۇ، چۈنكى باللارنىڭ كۆزى چۈشىدىغان مىساللار كۆپىنچە تاسادىپىي، كۈتۈلمىگەن ھالەتلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. دەسلەپ ئادەملەر ئىنسان تەبىئىتى ئېرىشەلەيدىغان كامىللىق توغرىسىدا ھېچقانداق چۈشەنچىگە ئىگە بولمايدۇ (ھەتتا بىز چوڭلارمۇ مەزكۇر چۈشەنچىنى تۈزۈكرەك ھېس قىلغىنىمىز يوققۇ تېخى!) لېكىن بىر نەرسە ئېنىقكى، ئاز ساندىكى ئادەملەر باللىرىنى ئوقۇتۇپ، ئىلىملىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتىشىگە تۈرتكە بولالىشى مۇمكىن. ئەسلىدە ئاز ساندىكى ئادەملەر ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت بۇنىڭغا ئېرىشىشى كېرەك (ئەمەلىيەتتە، شۇ ئاز

ساندىكى ئادەملەرمۇ ھەرگىز كەمچىلىك، نۇقسانلاردىن پۈتۈنلەي خالاس بولالمايدۇ. بىراق ئىنسانىيەتنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ بېرىشى مۇمكىن. ئادەملەرنىڭ ئەخلاقسىزلىشىپ، يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى شىكايەت، دادلىنىشلارنىڭ ئۆزىلا ئىنسانىيەتنىڭ ئەزگۈلۈككە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ. — مەسئۇل مۇھەررىردىن)

تەربىيە شۇنداق سەنئەتكى، ئۇنىڭ ئىجراسى ئەۋلادلار تەرىپىدىن تاكامۇللىشىپ بېرىشى لازىم. ھەربىر ئەۋلاد ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئەجدادلىرىنىڭ بىلىمى بىلەن قوراللىنىپ، شۇنداق بىر تەربىيەنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلىسۇنكى، تاكى ئۇ ئىنساننىڭ بارچە تەبىئىي قابىلىيەتلىرىنى ئاڭلىق تەرزدە ۋە مەقسەتكە مۇۋاپىق رەۋىشتە راۋاجلاندۇرۇپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۆز ئارزۇ ـ ئارمانلىرى تامان يېتەكلىيەلەيدىغان بولسۇن. تەڭرى ئىنساننى پەقەت ئەزگۈلۈك ئۈچۈن ياراتقان: «ئالەمگە باق، — دەيدۇ ياراتقان ئىگەم ئىنسانغا، — مەن ساڭا بارچە ئەزگۈلۈك ئەمەللىرىنى بەردىم. سەن ئۇلارنى بېجىرىشىڭ لازىم، بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇشۇڭ پەقەت ئۆزۈڭگە باغلىق.»

ئىنسان ئۆزىنىڭ قابىلىيەت، ئىستېداتىنى ئاۋۋال ئەزگۈلۈك يولىدا تەرەققىي قىلدۇرۇشى، ئۆزىنى ئۆزى تاكامۇللاشتۇرۇشى، مەدەنىيەتلىك بولۇشى ۋە غەزەپلەنگەندىمۇ ئەدەپ ساقلاشنى بىلىشى لازىم. ئاڭلىماققا بۇلار ناھايىتى قىيىن بىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيە مۇھىم ۋە چوڭ مەسىلە سۈپىتىدە ئىنسان زىممىسىدىكى ئەڭ قىيىن ۋەزىپىلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، چۈشىنىش، ئاڭ تەربىيەگە باغلىق ۋە تەربىيە ئۆز نۆۋىتىدە چۈشىنىش ۋە ئاڭغا باغلىقتۇر. شۇ سەۋەبلىك مەلۇم بىر ئەۋلاد ئۆزلىرىنىڭ بىلىم ۋە تەجرىبىلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادقا يەتكۈزسە، ئۇمۇ داۋاملاشتۇرۇپ، كەلگۈسى ئەۋلادقا يەتكۈزسە، ئەنە شۇندىلا تەربىيە ئاستا ـ ئاستا ئالغا باسىدۇ، تەربىيە توغرىسىدا مۇكەممەل چۈشەنچە پەيدا بولىدۇ. ھەرقانداق ئۇلۇغ مەدەنىيەت ۋە تەجرىبە ئۈچۈن بۇ چۈشەنچە چوقۇم شەرت ھېسابلىنىدۇ.

ئىنساننىڭ قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قەيەردە ۋە قاچان باشلىغىنىمىز ياخشى؟ كىچىكىدىنمۇ ياكى مەلۇماتلىق پەيتىدىنمۇ؟

ئادەمنىڭ تەبىئىي، تۇغما قابىلىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۆزلۈكىدىنلا بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن تەربىيەلەش سەنئىتى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىگە ئورتاق بولغان قائىدە مەۋجۇت ئەمەس. مەزكۇر سەنئەتنىڭ باشلىنىشىمۇ، داۋامىمۇ مېخانىك(يەنى مەلۇم شەرت ـ شارائىتلار ئاساسىدا پىلان تۈزۈلمىگەن) ياكى مەنتىقىيدۇر. مېخانىك ھالەتتىكى تەربىيە سەنئىتى كۆتۈلمىگەن تاسادىپىيلىق ئىچىدە نامايان بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىز ئادەم ئۈچۈن نېمىنىڭ پايدىلىق، نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلەۋالمىز. مېخانىك ھالەتتىكى تەربىيە سەنئىتى بەك كۆپ خاتالىق ۋە كەمچىلىكلەرگە تولغان بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا پىلان بولمايدۇ. تەربىيە سەنئىتى ياكى پېداگوگىكىنىڭ مەقسىتى ئىنسان تەبىئىتىنى راۋاج تاپقۇزۇش بولغانىكەن، دېمەك، ئۇ ئاۋۋال مەنتىقىگە لايىق بولمىقى لازىم. تەربىيە كۆرگەن ئاتا ـ ئانىلار باللار ئۈچۈن ئىبرەت مەنبەسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ يەنىمۇ تاكامۇللىششى ئۈچۈن پېداگوگىكا ئىلىم، ئوقۇش، مەشغۇلاتقا ئايلىنىشى كېرەك، ئەكس ھالەتتە ئۇنىڭدىن پايدا كۆرگىلى بولمايدۇ، چۈنكى تەربىيەسى بۇزۇق ئادەم باشقىلارغىمۇ بۇزۇق تەربىيە بېرىدۇ، خالاس. يەنە بىر جەھەتتىن تەربىيە سەنئىتى مېخانىزمى ئىلىم ـ پەنگە ئايلانمىقى لازىم، ئۇنداق بولمىسا، ئۆزئارا باغلانغان، بىر ـ بىرىگە مۇۋاپىق ئىنتىلىش بارلىققا كەلمەيدۇ، نەتىجە بولسا ئايان: بىر ئەۋلاد تۈزىدۇ، يەنە بىر ئەۋلاد ئۇنى بۇزىدۇ.

تەربىيەۋى پىلان تۈزىدىغان كىشىلەر دائىم ئەستە تۇتۇشى كېرەككى، باللار ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرىنىڭلا ئەمەس بەلكى كېلەچەكتىكى بەختىيار، پاراۋان تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى. شۇنىڭ ئۈچۈن باللار پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئارزۇلىرىغا، مەقسەتلىرىگە ۋە غايىلىرىگە مۇۋاپىق رەۋىشتە تەربىيەلەنمەكلىكى لازىم. مانا بۇ ئەڭ مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللىرىنى تەربىيەلەشتىكى ئاساسلىق نىشانى، شۇ باللىرى قانداق قىلىپ بولسۇن ھازىرقى زامانغا ماسلىشالىسىلا بولىدى. بۇ نۇقتىدا بىز تۆۋەندىكىدەك ئىككى توسۇققا دۇچ كېلىمىز. 1. ( ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پۈتۈن تەشۋىشى پەقەت شۇنىڭدىنلا ئىبارەت بولىدۇكى، باللىرى قانداق قىلىپ بولسۇن بۇ دۇنيادا ياخشى ھايات كەچۈرسە بولدى. 2. ( ھاكىم ـ ھۆكۈمدارلار بولسا پۇقرالارنى ئۆز مەقسەتلىرىگە ئېرىشىش يولىدىكى قورال سۈپىتىدە كۆرىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار ئۆيۈم، ئائىلەم دېسە، پادىشاھلار دۆلەتنى ئويلايدۇ. بىراق ھەر ئىككىسىدە ئىنسانىيەتنىڭ ئارزۇ، مەقسەتلىرىگە ئەرزىگۈدەك كامىللىقمۇ، دۇنياۋى بەخت ـ سائادەتمۇ يوق. تەربىيەۋى پىلان تۈزۈش ئۈچۈن ئاۋۋال، ھەققىي لاياقەت بولۇشى كېرەك. خوش، ئۇنداقتا دۇنياۋى بەخت ـ سائادەت دېگىنىمىز شەخسىي بەخت ـ سائادىتىمىز ئۈچۈن زىيانلىق غايە ھېسابلىنامدۇ؟ ياق، ھېچقاچان ئۇنداق ئەمەس!

ياخشى تەربىيە شۇكى، ئۇنىڭدىن دۇنيادىكى ھەممە نەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



سە، يەنى ياخشىلىق، ئەزگۈلۈك، مېھىر - مۇھەببەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى روياپقا چىقىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ تەبىئىي قابىلىيىتىدە ھېچقانداق يامانلىق، ياۋۇزلۇق يوق، ئۇنىڭدا پەقەت ئەزگۈلۈك، ياخشىلىق ئۇرۇقلىرى مۇجەسسەم.

خوش، جاھاندىكى ياخشى ھايات قەيەردىن كېلىدۇ؟ ئۇنى ھۆكۈمدارلار ئېلىپ كېلەمدۇ ياكى پۇقرالارمۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرى ئاۋۋال تۈزۈلۈپ، پاكلانغاندىن كېيىن ياخشى ھۆكۈمەتكە يېرىم يولدا دۇچ كېلەمدۇ؟ ئەگەر ھۆكۈمدارلار ئېلىپ كېلىدۇ، دېيىلسە ئالدى بىلەن ئۇلار شاھزادىلىرىنىڭ تەربىيەسىنى ياخشىلىمىقى كېرەك، چۈنكى، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ كىچىكلىكىدە ئېيتقىنى ئېيتقان، دېگىنى دېگەن بولۇپ كەلمەكتە. دالىدىكى يالغۇز دەرەخ مايماق ئۆسىدۇ ۋە شاخلىرى كېرىلىپ كېتىدۇ؛ ئورمان ئوتتۇرىسىدىكى دەرەخ بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە، چۈنكى ئەتراپىدىكى دەرەخلەر ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ رۇس ئۆسىدۇ، قۇياش ۋە ھاۋاغا ئىنتىلىدۇ. ھۆكۈمدارلارمۇ دەل شۇنداق. لېكىن ئۇلارغا ئۆزلىرىگە ئوخشاش ھاكىملار ئەمەس، بەلكى پۇقرالار ئارىسىدىن بىرەرسى تەربىيە بەرگىنى ياخشىراق.

ئومۇمەن ئالغاندا، ئىنساننىڭ بىلىم دەرىجىسى ۋە ئۇنى كېڭەيتىش، بىلىش، ئاڭ مەسىلىلىرى، ئاساسەن ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت. ئۇلارغا ھاكىمىيەت ياكى پۇل بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا مەكتەپلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشمۇ ئەڭ مەرىپەتلىك، ھۆر پىكىرلىك، بىلىملىك كىشىلەرنىڭ ئىدىيەلىرىگە مۇۋاپىق بولۇشى لازىم. پۈتۈن مەدەنىيەت ئالدى بىلەن مەلۇم شەخستىن باشلىنىدۇ ۋە شۇنىڭدىن تارقىلىشقا باشلايدۇ. دۇنياۋى بەخت - سائادەت ۋە كېلەچەكتىكى پاراۋان ھايات غايىسىگە ئىنتىلىپ ياشايدىغان لاياقەتلىك شەخسلەرنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى سەۋەبلىك ئىنسان ئۆز نىشانىغا قاراپ ئاستا - ئاستا يېقىنلىشىشى مۇمكىن. بەزى ئۇلۇغ كىشىلەر ئۆز خەلقىگە تەبىئەتنىڭ بىر بۆلىكى سۈپىتىدە قاراپ، ئۇلاردا تەربىيەنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئېتىبار بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە، ئەپچىللىك ۋە ماھارەت تەلەپ قىلىنىدۇ، بىراق بۇ كۆپىنچە پۇقرالاردىن ئۆز ئارزۇسىغا ئېرىشىشتە ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا خىزمەت قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بەزى كىشىلەر ئەڭ ئاۋۋال تەبىئىي مەقسەتلەرنى كۆزدە تۇتۇشى كېرەك، بولۇپمۇ ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا، ئادەملەرنىڭ پەقەت بىلىملىك، ئوقۇمۇشلۇق ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەتلىك بولۇشىغىمۇ ئېتىبار قارىتىشى لازىم، بۇنىڭدا ئەڭ چوڭ نىشان كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ پاراۋان ھايات كەچۈرۈشىنى تەمىنلەشكە ئىنتىلىشتۇر.

دېمەك، ئىنسان تەربىيەسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت بولۇشى لازىم:

1) تەرتىپ - ئىنتىزاملىق بولۇش. ئىنتىزاملىق بولۇش ھايۋانىيلىقنىڭ بەزى ئادەم ۋە جەمئىيەتنىڭ ئادەمىيلىكىگە زىيان يەتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىنتىلىش دېمەكتۇر. يىغىپ ئېيتقاندا، تەرتىپ - ئىنتىزام — ياۋايىلىقنى تىزگىنلەشتۇر.

2) ئىنسان مەدەنىيەتلىك بولۇشى لازىم. مەدەنىيەت دېگەندە — پەندى - نەسىھەت، ئۈگۈت، ساۋاق، تەنبىھ، يول-يورۇق ۋە مەسلىھەت بېرىش، دەپ چۈشىنىلىدۇ. ئۇ بىلىم، ئەپچىللىك ۋە ماھارەت كۆنۈكمىسىگە ئىگە بولۇشتۇر. بۇ شۇنداق بىر بايلىققا ئىگە بولۇشكى، ئۇ ھەر قانداق مەقسەتلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. ئۇ مەقسەتلەرنى بەلگىلىمەيدۇ، بەلكى بۇنى ئۆز نۆۋىتىدە تېگىشلىك ۋەزىيەت، ھالەت ۋە شەرت - شارائىتلارغا ئىگە قىلىدۇ. بىلىم، ماھارەت بارچە ھاللاردا، مەسىلەن، ئوقۇش، يېزىش ياكى مۇزىكىدا ئەسقاتىدۇ. ئېھتىياجىنىڭ چەكسىز كۆپلۈكى سەۋەبلىك بىلىم، ئەپچىللىك، ماھارەتمۇ مەلۇم دەرىجىدە كۆپىيىپ بارىدۇ.

3) ئادەمنىڭ ئەقىللىق، سۆيۈملۈك، كىشىلىك جەمئىيەتكە مۇناسىپ ۋە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولۇشىغا ئېتىبار بېرىش كېرەك. بۇنىڭغا مەدەنىيەتنىڭ «مەدەنىيلىشىش» دەپ ئاتىلىدىغان مۇئەييەن تۈرىمۇ تەئەللۇقتۇر. بۇنىڭدىن تاشقىرى، يەنە مۇئامىلە، ھەرىكەت، ئىش ئۇسلۇبى، ئەدەپ - ئەخلاق، خۇلق، مىجەز - خاراكتېر، خۇشمۇئامىلىلىك، مۆمىنلىك، نازاكەتلىك، ئىلتىپات، مەرھەمەت ھەمدە مەلۇم دەرىجىدە ئەقىللىق بولۇشمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇلار ئىنساننىڭ ئارزۇ - مەقسەتلىرىگە ئېرىشىشىدە، كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشىدا ئەسقاتىدۇ ۋە دەۋرگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، بۇنىڭدىن بىر نەچچە ئون يىللار ئىلگىرى مۇئامىلە قىلىشتا تەكەللۇپ ئۆرپ - ئادەت ئىدى.

4) نەسىھەتگۈيلۇقىمۇ ئېتىبار بېرىش لازىم. ئادەم پەقەت تۈرلۈك مەقسەت، ئېھتىياجلىرىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ قالماي يەنە ئەزگۈ نىيەتلىرىگە ئىمان - ئېتىقاد، مەسلەكىنىڭ مۇجەسسەم بولۇشىغىمۇ دىققەت قىلىشى كېرەك. ئەزگۈ نىيەتلەر بولسا ھەركىم ھەرقانداق ئارزۇ قىلىشقا بولىدىغان ئىستەكلەردۇر.

(ئامىنە ئەخمەت تەرجىمىسى)

مۇھەررىر: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش
ئېلخەت: rozimuhemmet@qashtash.com



1

## گىتلېرغا بولغان يەنە بىر خىل چۈشەنچە

گىتلېر بىلىمى مۇكەممەل، ھەر تەرەپتىن تەڭ يېتىشكەن تالانت ئىگىسى ئىدى. ئۇنىڭ سىياسىي تەشكىللەش ئىقتىدارىنى دېمەي تۇرايلى، ئۇ بىر يېتىشكەن رەسسام، بىر مېخانىك ئىدى (پورسكىي پىروفېسسور بىلەن قوڭغۇز پىكاپ ۋە يولۋاس تىپلىق تانكىنىڭ ماتورىنى لايىھەلىگەن). بىر تالانتلىق قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى ئىدى (ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى قۇرۇلۇشلىرىدىنى لايىھەلەشكە قاتناشقان). كېيىنس ئىقتىسادشۇناسلىقىنىڭ سادىق ئەگەشكۈچىسى ئىدى. ئۇ بىر بىلىمى مول ناتىق، ھەربىي تەتقىقاتچى ۋە گېنېرال ئىدى (ئۇ ھەرخىل ئىلغار ئۇرۇش قوراللىرى ۋە بىر قىسىم مەشىقلەندۈرۈش ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلغان.)



2

## توكيودا «دۇنيا باغچىسى» ئېچىلدى

نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ دۇنيانى كېزىپ ساياھەت قىلغۇسى كېلىدۇ. ئەمما ۋاقىت ۋە كېتەرلىك مەبلەغنىڭ كەمچىللىكىدىن بۇ ئارزۇيىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. بىراق ئەمدى بۇ كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى مەلۇم دەرىجىدە رويابقا چىقىشى مۇمكىن. ئەنگلىيە «كۈندىلىك پوچتا گېزىتى»نىڭ خەۋەرىگە قارىغاندا، ياپونىيەنىڭ توكيو شەھىرىدىكى «توبۇ دۇنيا مەيدانى» باش تېما باغچىسىغا دۇنياغا مەشھۇر بەلگە خاراكتېرلىك 120 ئىمارەتنىڭ كىچىكلىتىلگەن مودېلى ياسالغان بولۇپ، تەخمىنەن 14 مىليارد ياپونىيە يېنى (تەخمىنەن 829 مىليون يۈەن خەلق پۇلى) مەبلەغ سېلىنغان بۇ باغچىغا كىرگەندە كىشى خۇددى پۈتۈن دۇنيانى بىر چۆگىلەپ چىققاندەك ھېسسىياتتا بولىدىكەن.



3

## توكداننى ئايروپىلانغا ئېلىپ چىقىشقا بولامدۇ؟

مەملىكىتىمىز خەلق ئاۋىياتسىيە بەلگىلىمىسى بويىچە، يولۇچىلارنىڭ زاۋۇت ئادرېسى، ئىشلەنگەن ۋاقتى، لاياقەتلىك ئىجازەتنامىسى ئېنىق يېزىلغان، ئېنېرگىيەسى 160 ۋات سائەت ئىچىدىكى توكداندىن ئىككىنى ئايروپىلانغا ئېلىپ چىقىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. لېكىن توكداننى يۈك - تاقلار بىلەن قوشۇپ توشۇش مەنئى قىلىنىدۇ.

چۈنكى توكداننىڭ مۇھىم ھالقىلىق زاپچىسى ئېلېكتېر ئېنېرگىيەسىنى ساقلاش ئۆزىكى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىسى لىتىيلىق باتارېيە پولىمېرىدۇر، لىتىيلىق باتارېيەنىڭ يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدىكى مۇھىتتا ئىسسىقلىققا يولۇققاندا ئاسانلا ئۆزلۈكىدىن ئوت ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، توكداننى بىۋاستە يۈك - تاقلار ئارىسىغا سېلىپ توشۇشقا بولمايدۇ، توكدان يۈك - تاقلار ئارىسىغا سېلىنسا قىسىلىش ۋە سوقۇلۇش تۈپەيلىدىن ئۆزلۈكىدىن ئوت ئېلىپ، ئايروپىلاننىڭ بىخەتەر ئۇچۇشىغا خەۋپ يېتىدۇ.



4

## جەرىمانە

ئەنگلىيە «كۈندىلىك پوچتا گېزىتى»نىڭ خەۋەرىگە قارىغاندا، ئەنگلىيەدىكى بىر ھامبورگ توقاچ دۇكىنى يېرىمى خام قالغان ھامبورگ توقىچىنى ساتقانلىقى ئۈچۈن، خېرىدارنىڭ ئەرز قىلىشىغا ئۇچرىغان ھەمدە 135 مىڭ فوندستېرلىڭ (تەخمىنەن 1 مىليون 250 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى) جەرىمانە تۆلىگەن. دۇكاندارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئۇلارنىڭ دۇكىنى مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلى تاقىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەن.

مۇھەررىر: پەرىدە تۇردى
ئېلخەت: paridaturdi@126.com



## مېنىڭ ئىسمىم يالغۇزلۇق

◉ **ئەزىزى**

### ھېچنېمە بولمايدۇ

دۇنياغا ھېچنېمە بولمايدۇ،
بولماي قالسا بىرەرمۇ شائىر.
ھېچنېمە بولمايدۇ،
بولمىغاندەك ئەنجۈردە چېچەك،
يېزىلمىسا بىر مىسرا شېئىر!
ھېچنېمە بولمايدۇ،
ھاياتقا قاپىيە بولمىسا مامات،
مۇراتقا قاپىيە بولمىسا قانات.
ھېچنېمە بولمايدۇ،
كۈيلەنمىسە گۈزەل مۇھەببەت،
كۈيلەنمىسە ۋاپا ـ ساداقەت.
ئەمما كىمدۇر،
كىمدۇر خىيال سۈرۈپ قالدۇ،
كىملەرنىڭدۇر كۆزلىرىدە نەم.
قىزىل گۈلنىڭ شېخى تەۋرىنەر،
بۇلبۇل پەريات ئۇرار يۇتۇپ غەم...

ھېچنېمە بولمايدۇ شېئىر بولمىسا،
ياشاش مۇمكىن ياشىمىغاندەك.
ھېچنېمە بولمايدۇ شېئىر بولمىسا،
ئۇسساش مۇمكىن ئۇسسىمىغاندەك...

### مېنىڭ ئىسمىم يالغۇزلۇق

مەن
يالغۇز ئانىنىڭ يالغۇز ئوغلىمەن.
يالغۇز دەرەخنىڭ يالغۇز شېخىدەك،
يالغۇز شاخنىڭ يالغۇز بەرگىدەك.
مەن
يالغۇزلۇق ئىچىدە ياشايمەن،
يالغۇزلۇق ھەققىدە شېئىر يازىمەن.
يالغۇز مىسرا،يالغۇز سۆز بىلەن.

شامال كەبى يالغۇز ياشايمەن،
دېرىزەمدە يالغۇز يورۇقلۇق.
يالغۇزلۇقتۇر مېنىڭ كىملىكىم،
ھەتتا چالغان سازىم يالغۇزلۇق.

مېنى يوقلاپ كەلسەڭ بۇرادەر،
يالغۇزلۇقنىڭ ئىشىكىنى قاق.
يالغۇزلۇقۇم بىلەن قۇچاقلاي،
يالغۇزلۇقنىڭ يۈرىكىدە ئاق...

### بولسا پەقەت بىر تۇپ دەرەخنىڭ

كىچىككىنە بىر ئۇرۇق
ھەيۋەتلىك بىر دەرەخ بولۇشى مۇمكىن.
ئۇنىڭ ئاستىدا
كۆرپە سېلىپ، ياستۇقنى قىرلاپ،
خاقانلاردەك سايداش مۇمكىن.

بولسا ئاچچىق دەملەنگەن چېيىڭ،
بولسا قاتتىق بولسىمۇ نېنىڭ،
بولسا پەقەت بىر تۇپ دەرەخنىڭ،
بۇ دۇنيادا خاقانلىق سېنىڭ!

### بال

بۇرادىرىم ماڭا ئىشىنىڭ،
ئىشىنىڭ جەزمەن،
سىزنى بەخت كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.
تاسادىپىي سۇنۇلغان گۈلدەك
چاقناپ تۇرۇپتۇ.
پات ئارىدا
ئۇچرىشىسىز ھاياجان بىلەن.
قول تۇتۇشۇپ سەيلى قىلىسىز
پات ئارىدا تامامەن.
لېكىن بۇرادەر
سەمىڭىزگە سېلىشىم كېرەك،
چىدام كېرەك بەختكە تاغدەك.
كۆتۈرەلمەي ئۇنىڭ زوقىنى
يېرىلىپ كېتىدۇ بەزىدە يۈرەك،
بەزىدە يۈرەك...

### يۈرىكىمدىن باشلىنار بىر ئىز

ئوتتۇز يىلدىن ئاشتى بىر سەۋدا،
يۈرىكىمگە كىرىپ كەلگىلى.
ئوتتۇز يىلدىن ئاشتى مەن غېرىب،
ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئىزدەپ يۈرگىلى.

ئوتتۇز يىلدىن ئاشتى بىر تىنىق،
ئەينەكلەردە ئەكس ئەتكىلى.
ئوتتۇز يىلدىن ئاشتى بىر ئارمان
كەلمەيدىغان يەرگە كەتكىلى.

ئوتتۇز يىلدىن ئاشتى، داۋاملىق
چۈش كۆرىمەن،
چۈشلىرىم رەڭسىز.
ئوتتۇز يىلدىن ئاشتى ھەر سەھەر،
يۈرىكىمدىن باشلىنار بىر ئىز...

### بۈگۈن كېچە تاغلار چۆكەرمىش

بۈگۈن كېچە تاغلار چۆكەرمىش،
تاغلار ئارا يۇلتۇز كۆچەرمىش.
ئەڭ ئاخىرقى گۈلخان ئۆچەرمىش،
بۈگۈن كېچە تاغلار چۆكەرمىش.

بۈگۈن كېچە دەريا تاشارمىش،
دولقۇنلىرى كۆكتىن ئاشارمىش.
بېلىقلىرى مارجان ئاسارمىش،
بۈگۈن كېچە دەريا تاشارمىش.

بۈگۈن كېچە شامال تۈنەرمىش،
ئەپسانىلەر چېكىمغا چىقارمىش.
ئىبادەتلەر دىلنى ياقارمىش،
بۈگۈن كېچە شامال تۈنەرمىش.

### ھەيرانلىقىمەن

سېنى سۆيدۇم،
سۆيۈپ قانمىدىم،
قانمىغاندەك يىراقلىرىڭغا.

پەرۋانىدەك ئۆزۈمنى ئاتتىم،
يېنىپ تۇرغان چىراغلىرىڭغا.

ھەيرانىڭمەن ھەيرەتلىرىڭدىن،
ئۆرگىلىمەن كۈلپەتلىرىڭدىن.
تىرىلىمەن مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ بىر،
ماڭا يەتكەن قىسمەتلىرىڭدىن.

دىلىم سەندە، تىلىم چىمەندە،
قىزىلگۈلنى قىلىمەن تاۋاپ.
پىدايىڭمەن ئىشقىڭدا مەڭگۈ
بايرىقىڭنى دىلىمغا قاداپ.



## سىمۋول دەرىخى

◉ ئوسمان تۇرسۇننىياز تۇغلان

### يېنىمدىكى سىز

كېلىڭ جېنىم،
بىر تال چوغىسىز ۋە ياكى گۈلخان،
ئاستا ـ ئاستا سىزگە ئېرىدىم
كۆڭلۈم ئەسلى يورۇق، شادىمان.

كۆزىڭىزدە تونۇسەم دەيمەن،
كېچىڭىزنى بىرگە يېپىنىپ.
سىز بىلىسىڭىز بولاتتى چوڭقۇر،
قالاي دېدىم سىزگە يېقىلىپ.

لېۋىمىزنىڭ ئارىلىقى يېقىن،
لېكىن چۆلدەك بارماقتا ئۇسساپ.
ئۆزۈلمەيدۇ يۈرەك بېغىشى،
مۇھەببەتكە جىمجىت ئۇزىساق.

قۇشلار بىزنى كۈيلەر شادىمان،
گۈللەر بىزگە چاچار خۇشپۇراق.
سىز يېقىنسىز جېنىمدەك يېقىن،
كېلىڭ جېنىم، ئاچاي كەڭ قۇچاق.

### قولۇڭنى قويۇۋېتمەن

قولۇڭنى مۇشۇ يەردە قويۇۋېتمەن
ۋە مۇشۇ يەردە ئايرىلىمىز.
يۈرەككە سانجىقلىق قالدۇ،
ئايرىلىش ئىسمىلىك پىچىقىمىز.

گۈللەر ئېچىلىۋېرىدۇ ئايرىلساقمۇ،
قۇشلار ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ بىز ئۇچراشمىساقمۇ،
قۇياش ھەر كۈنى شەرقتىن چىقار،
بىز ئايرىلىپ تۇرساقمۇ.

«تاش يۈرەك» دەپ ئىسىم قويىمىز يۈرەكلىرىگە
تاشتەك قاتتىق ھاياجاندا.
توسۇقلىرىمىزنى چېكىتىمىز،
بىز ئۇچراشماق بولغاندا.

قولۇڭنى مۇشۇ يەردە قويۇۋېتمەن
ئىزلىرىمىز كېتەر يىراقلارغا.
مەن چىدايمەن، سەنمۇ ھەم چىدا
قىيامەتلىك پىراقلارغا.

### كېتىۋاتقان شامال

تەرەپ ـ تەرەپكە كەتتى
گۈللەرنى سۆيۈپ، دەرەخلەرنى سىلاپ،
تاشلارنى يالاپ، يارداڭلىقلارنى ئوتك ـ
تەتۈر چۆرگىلەپ،
لېكىن مېنى ئارامىمدا قويمىدى.
كۆرۈنمەس قوللىرىدا غىدىقلاپ،
لېكىن مېنى ئارامىمدا قويمىدى.
سۆيۈشتىن توختىمىدى مەن توختىمىغۇچە،
قۇچاقلاشتىن توختىمىدى مەن توختىمىغۇچە،
ئەي ھاياجانلىنىۋاتقان قىز كەبى شامال،
بەلكىم ماڭا سۆيۈشنى ئۆگىتىۋاتقانسەن،
يۈرىكىم يېرىلغۇچە.

ساڭا نېمە دېيىشنى بىلمىدىم،
سېنى نېمە قىلىشنى بىلمىدىم،
سۆيىدىغانلىرىڭنىڭ كۆپلىكىگە قاراپ،
سۆيمەيدىغانلىرىڭنىڭ يوقلىقىغا قاراپ.
ئۆزۈمنى نابۇت قىلىشنى ئويلىدىم،
مېنى سۆيۈۋاتقان پەيتىڭنى ئويلاپ.

ئەي كېتىۋاتقان شامال،
سەن كەتمىسەڭ بولاتتى،
مەن بىلىدىغان يەرلەردىن يىراق.
ئۇنتۇپ قالماسلىقىم ئۈچۈن،
كەل ماڭا قاراپ.

### تۈن باراقسان، يۇلتۇزلار ئورمان

تۈن باراقسان، يۇلتۇزلار ئورمان،
ئاي ئونبەشكە تېخى تولمىدى.
ئاڭلىنىدۇ قارىغۇ شامالنىڭ
دېرىزەمنى سۆيگەن تېۋىشى.

ئويغىنارمۇ قۇشلار ئەندىكىپ،
دەرەخلەردە چەكسىز غېرىبلىق.
ۋەھىمىلىك يېقىن ـ يىراقلار...
تولدى كۆڭلۈم تەشۋىشكە لىپلىق.

سىزالمايمەن يۇلتۇزنى، ئاينى،
خاتىرەمنىڭ بېتى قاپقارا.
چىققۇم كېلەر قۇياشتەك پارلاپ،
قەلبىمدىكى ھايات سىرتىغا.

## سىمۋول دەرىخى

بىر تۈپ نەشپۈت،
ياكى بىر تۈپ شاپتۇل دەرىخى،
ئىككىمىز تەڭ كۆرگەن چۈشتەك باراقسان.
مۇھەببەتنىڭ شېرىن ئاغرىقى،
ئاشۇ دەرەخ تۈۋىدە باشلانغان.

سۆيۈشنىڭ تەمىدە
يۈرەكلەر، شېخىدا مەي بولغان.
كۆكۈلنىڭ سۇ ئىچكەن يەرلىرىگە،
باھار گۈللىرىنى تېرىغان.

كېلەمسەن؟
گۈللەر غۇنچە بولدى،
بىر پارچە چىملىق بىزنى سېغىندى.
ئىزىمىزغا لىق كەلگەن كوچا،
ھاياتىمىزدىن چىقىپ كېتەي دېدى.
كېلەمسەن؟...

## ئىككىمىزنىڭ بولسۇن

بۇ كېچە يۇلتۇزلار ۋە ئايدىڭ دالا
ئىككىمىزنىڭ بولسۇن، كەل نىگار جېنىم ئارا.
ئاي كىرپىكىدە بىزنى يوشۇرسۇن،
جىمجىتلىقىغا.

شامال ئىزىمىزنى يۈرەر ئاختۇرۇپ،
دەرەخلەر پىچىرلاشماس.
بىزنى كۆرمىدى
ۋە بىزنى يوشۇرالماس.

ئاڭلا نىگار!
تۈن قۇشلىرىنىڭ شادىمان كۈيىنى،
ئىككىمىزگە بېغىشلانغان بىر ناخشىنى ئېيتار.
باھار بىزگە لىق كەلگەچ،
گۈللەر خۇشپۇرىقىنى سۇنار.

كەل نىگار؟
مەدھىيە ئوقۇيلى كېچىمىز ئۈچۈن،
مەدھىيە ئوقۇيلى سۆيگۈمىز ئۈچۈن.



## 16 ـ ئاۋغۇست قەشقەر ۋاقتى سائەت 11

◉ ئابدۇراھمان ئابدۇكېرىم زۇلتاپ

### ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە لىرىكا

گەر سۆيگۈ شۇ قەدەر ئۇلۇغ بولسىمۇ،
ئەرزىمەس قىلچىلىك كۆز ياش تۆكۈشكە.
سەن مەغرۇر ياشاشقا ئادەتلەنگەنغۇ؟
مەن كەيىپ ـ ساپادا خۇشال يۈرۈشكە.

ئۇنتۇپ كەت ھەممىنى، ئۇنتۇش بىر بەخت،
ئۇنتۇپ كەت شۇ مىسكىن ئىسمىمنى ھەتتا.
قالماسمىز ئەمدى بىز بەلكىم ئۇچرىشىپ،
ئاھ بۇ تار، زۇلمەتلىك، بەتتام ھاياتتا.

مەيلىلا، قۇلۇڭنى تۇتسۇن باشقىلار،
مەيلىلا، كىم سۆيسە سۆيسۇن لېۋىمگە.
خوشلاشتۇق ئاخىرى چىداپ ـ چىدىماي،
مەن قالدىم بۇ يەردە يەككە ـ يېگانە

### سانسىز غەم ئەندىشىلەر ئۈنگەن شامال ئېتىزلىقىدا

سانسىز غەم ئەندىشىلەر ئۈنگەن شامال ئېتىزلىقىدا،
بىر قۇل بولدۇم، سۆيسەم چاچلىرىڭغا.
كۈتتۈم ئېتىز قىرلىرىدا كۈتتۈم ئۇزاق،
قىلدىم جان پىدا ئالتۇن بويلىرىڭغا.

مۇھەببەت بىر قوناقلىقتۇر كۆپكۆك ھەم ئېگىز،
سانسىز غەم ئەندىشىلەر ئۈنگەن شامال ئېتىزلىقىدا.
چىدىيالمايمەن، چاقسا پاشىلار ھەۋەس قىلمەن،
شىلدىر ـ شىلدىر، ئاسىي يۈرىكىم ئەلۋىدا!

كاشكى، بىللە ئوت ئالساق، كۆيۈپ كەتسەك،
كاشكى، چېپىلساق ئاي ئورغاقلىرىدا مەستخۇش كېچە.
سانسىز غەم ئەندىشىلەر ئۈنگەن شامال ئېتىزلىقىدا،
كاشكى، بىللە توي قىلساق شاخلاپ غۇچچىدە.

قۇياش تىكلىنەر، كۈچلۈك قۇياش كۆكسۈم تامان،
بىغەم ۋە ھۆرۈن ئوغۇللىرىڭنى كەچۈر جان دادا!
ئۇھ...مەن ھېرىپ كەتتىم، ئۇسساپ ئۆلەي دېدىم...
سانسىز غەم ئەندىشىلەر ئۈنگەن شامال ئېتىزلىقىدا.

سانسىز غەم ئەندىشىلەر ئۈنگەن شامال ئېتىزلىقىدا،
ئېرىق بويلاپ قاچتىم ۋەسۋەسىلەر ئارا.
ياۋاش بىر دېھقان بالىسىمەن شۇنچىلىك ياۋاش،
ئىلاھە، مېنى قىينىما، مېنى قىينىما!...

### 2012 - يىلى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

سۆزلەيمەن مەن ئەمدى ئازاب ھەققىدە،
قىساسكار يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن.
شۇ كۆپكۆك بۇغدايلىق، قەدىمكى ئاخشام،
يەلپۈنسە چاچلىرىڭ ئاھ مېنىڭ قەلبىم؛
شېئىرۋاز ئەبلەخ مەن كەچۈرگىن دۇنيا،
كەچۈرگىن، ئېھ مېنى شاللاق سۆيگۈنۈم.

كۈيلەيمەن مەن ئەمدى ھەسرەت ئىلكىدە،
سەن ئۈچۈن يېزىلغان مەرسىيە بىلەن؛
قۇشقاچنى، تورغاينى، كېپىنەكلەرنى،
غەرىق مەست ھالەتتە ئويناپدۇ ئۇلار،
بىراق مەن كۆكسۈڭگە قويالمىدىم باش،
ئېھ، بىراق يەنىلا تۆكمەكتىمەن ياش.

چىدايمەن مەن ئەمدى زۇلمەت كېچىدە،
خەير - خوش سۆيگۈنۈم، خەير - خوش دۇنيا،
كۆكسۈڭگە ئۇيالغان ئىسمىم ئەسلىمە،
بولغۇسى تەكلىماكان ئۆلمەستەك گويا،
قىساسكار يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن،
مەن ئاخىر ئۆزۈمگە ئوقۇدۇم مەرسىيە!...

### 16 - ئاۋغۇست قەشقەر ۋاقتى سائەت 11

مېنى ئۆلسۇن دېدىڭمۇ؟
قەلبىڭدىكى چەت بىر زاراتگاھلىقتا كۆمسۇن دېدىڭمۇ؟
فوسفور يالقۇنىدا كۆيسۇن دېدىڭمۇ؟
ئۆلگەن ئادەمنى ئۆلمىگەن ئادەم سۆيسۇن دېدىڭمۇ؟

نېمە ئويلىغانسەن؟
تاش يۈرىكىڭ يېرىلماس، خورلۇق تارتماس،
ساڭا ئەمدى ئالەم يورۇق، قۇياش پاتماس،
ماڭا تاڭ ئاتماس، پەقەت تاڭ ئاتماس...!

نېمە ئويلىغانسەن؟
سۆيگۈنىڭنى ئازابلاپ تويمىغان — سەن!
بەدىنىڭگە بېنزىن چېچىپ ئوت قويمىغان — سەن!
كۆيمەس ئوتنىڭ قۇچىقىدا ئوينىغان — سەن!
ئويناپ بولۇپ يەنە مېنى ئويلىغان — سەن!

ئېيت! مەيلى نېمە بولسۇن، ئېيت!
يېنىڭدا دېۋىدەك ياتقان ئاشۇ ئادەمگە ئېيت!
بىرسى ماڭا ئاتاپ شېئىر يازىدۇ، دەپ
ئېيت، بۈگۈن ئاخشاملا، ئېيت...
مەن مەسخىرىلىك ئازابتا قالدىم،
بېشىمنى كۆتۈرەلمەسمەن،
نومۇس ئىچىدە يەنە ساڭا شېئىر يېزىۋاتىمەن.
مېنى نومۇس قىلمايدىغان ئادەم بولسۇن دېدىڭمۇ؟
ئايرىلغانغا گەدەنگىچە تويسۇن دېدىڭمۇ؟
ئۆلگەن ئادەمنى ئۆلمىگەن ئادەم سۆيسۇن دېدىڭمۇ؟

ئېيتساڭچۇ؟....

## كەچۈر ئانجان

تولدى دالا سىرىنگۈللەرگە،
بىر تال كېپىنەك رەڭلەندى پىنھان
چېكەتكىلەر ئېغىر، خىيالچان،
نېچۈن مۇڭلۇق يۈرسەن ئانجان؟

ئۇنتالماستىن بولدۇم داۋامى
مەھەللىمىزدىكى پەرىشان ئىتنىڭ.
ئايدىڭ كېچە تېرەكلەر ئۆلگەن،
ئاشۇ كوچا مېنىڭ خىيالىم.

سانسىز يۇلتۇزلار چاچىدۇ شولا،
شېشىدەك سۇپسۈزۈك قەلبىمنى بويلاپ.
ماڭا كىملەر غەمخانە بولغان،
ياشىيالمىدىم ئەمما ئاۋايلاپ.

جىگدىلىكنى ئەسلەپ قالار ئاي،
ئونبەش كۈنلۈك جۇدالىقنى...
پادىچى بالا ئەمەس ئۇ ھازىر،
بۆرە يېدى سېنىڭ بالاڭنى.

كەچۈر ئانجان... ئۇ قىز پەرىشتىدۇر،
كەچۈر ئانجان، سەن پەرىشتىسەن.
نەي ئاۋازى ئۈزۈلدى جىمجىت،
كەچۈر ئانجان، بىناۋادۇرمەن...

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@126.com

www.uyghurkitap.com




# قەدىمكى مىسىرلىقلار

نىل دەريا دېلتىسى ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرى. بۇ يەردە قەدىمكى مىسىرلىقلار ئۇرۇق، قەبى-
لە بولۇپ ئۇيۇشۇپ، قەدىمكى مىسىرنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. ھىرودېت «قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتى
نىل دەرياسىنىڭ سوۋغىسى» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقانىدى. مىلادىدىن 4000 يىللار بۇرۇن نىل دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقى-
مىغا توپلاشقان ئورۇغۇن مىسىرلىقلار قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. مىلادىدىن بۇرۇنقى3500 ـ، 3000 ـ
يىللار ئەتراپىدا مىسىر پادىشاھى مىنىس قەدىمكى مىسىرنى بىرلىككە كەلتۈردى، شۇنىڭدىن كېيىن مىسىرنىڭ تەختىدە 31
ئەۋلاد پادىشاھ ئۆتتى. دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى پەن ـ تېخنىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن پۇختا
ئۇل سېلىپ بەردى. مىسىر خەلقى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا سۇچىلىق ئەسلىھەلىرىنى ياساپ
ۋە رېمونت قىلىپ يېزائىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇردى. ئاسترونومىيەلىك كالېندار، يېزىق، ماتېماتىكا، تېبابەت، قۇرۇلۇش ئى-
لىملىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى قەدىمكى مىسىر خەلقىنى ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئاغزىدا توختىماي تەرىپلىنىدىغان ئۇب-
يېكتقا ئايلاندۇردى.

## ئەڭ بۇرۇنقى قۇياش كالېندارى

بىز دائىم دەپ كېلىۋاتقان «يىل»، «ئاي»، «كۈن» دېگەن ئاتالغۇلار ئەمەلىيەتتە دەۋرىيلىككە ئىگە بولغان ئاسترونومىيەلىك ھادىسىگە بېرىلگەن خاس نام. قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ، غەربكە پاتسا ئۇنى بىر كۈن دەيمىز. ئاي بىر تولۇپ بىر كەمتۈكلەشسە ئۇنى بىر ئاي دەيمىز. قىش كېتىپ يازنىڭ كېلىشىنى بىر يىل دەيمىز. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاي، كۈنلەرنى خاتىرىلىمەك ئاسان، شۇنداقلا بەلگىلەپ چىقىشمۇ شۇنچىلىك ئېنىق. ئەمما بىر يىلنى ئېنىق خاتىرىلەپ چىقماق ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس. يېزائىگىلىك جەمئىيىتىدە، ئاب-ھاۋا شارائىتىنى بىلىش ئىنتايىن مۇھىم، يەر ئاغدۇرۇشتىن تارتىپ تا ھوسۇلنى يىغقۇچە ھوسۇلنىڭ تولۇق ھەم مول بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ كالېندار تۈزۈشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا يەر قۇياش ئەتراپىنى تولۇق بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقسا بىر يىل بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن تۆت پەسىلنىڭ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمىز. ھازىرقى دەۋردىكى ئاسترونومىيە شۇنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇكى، يەر قۇياشنى ... 365.24220 كۈندە بىر قېتىم تولۇق ئايلىنىپ چىقىدۇ. بۇ بولسا دەۋرىي بولمىغان بىر سان. ئاي بولسا يەرنى29.53059 كۈندە بىر قېتىم تولۇق ئايلىنىپ چىقىدۇ. بۇمۇ پۈتۈن سان ئەمەس. قەدىمكى ئاسترونومىيە ئالىملىرى نۇرغۇنلىغان كالېندار تۈزۈش قائىدىلىرى بىلەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغان.

ھازىر دۇنيادا يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسلىق كالېندارىدىن ئۈچ تۈرلۈكى بار: بىرىنچى تۈردىكى قۇياش كالېندارىدا كۈننىڭ سانى يەرنىڭ قۇياشنى بىر قېتىم چۆرىدەپ چىققان كۈن سانىغا تەڭ بولىدۇ. كونكرېت بولغان ئاي ۋە كۈن سانىنى ئاسترونوملار، ھۆكۈمەت ۋە دىنىي ئورگانلار بېكىتىدۇ. ھازىر دۇنيادا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىۋاتقان مىلادىيە كالېندارى بولسا دەل قۇياش كالېندارىدىن ئىبارەت. ئىككىنچى تۈردىكى كالېندار بولسا ئاينىڭ تولۇش، كەمتۈكلىشىشىگە قاراپ تۈزۈلگەن بولۇپ بىر يىلدا يەنىلا 12 ئاي بولىدۇ. بۇ ئىسلام ئەللىرىدە قوللىنىۋاتقان قەمەرىيە يەنى ھىجرىيە كالېندارىدىن ئىبارەت. ئۈچىنچى تۈردىكى كالېندار بولسا كۈننىڭ سانى بىر يىل ئىچىدىكى كۈن سانىغا تەڭ بولىدۇ. ئاينىڭ كۈن سانىمۇ بىر ئاي ئىچىدىكى كۈن سانىغا تەڭ بولىدۇ، يەنى ئاي ۋە قۇياشنىڭ ھەرىكىتى مۇرەككەپ شەكىلدە ئىپادە قىلىنىدۇ. بۇ كالېندار ئاساسلىقى جۇڭگولۇقلارنىڭ دېھقانلار كالېندارىدىن ئىبارەت.

قەدىمكى مىسىرلىقلار ئەڭ بۇرۇن قۇياش كالېندارى ئىشلەتكەن كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى4000 - يىللار ئەتراپىدىلا قەدىمكى مىسىرلىقلار بىر يىلنى 365 كۈنگە بۆلگەن. ھەر قانداق كالېندارنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن بەلگىلەيدىغىنى بىر يىلنى زادى قايسى كۈندىن باشلاشتىن ئىبارەت. قەدىمكى مىسىرلىقلار نىل دەرياسىدا تاشقىن بولغاندا سىرىيوس يۇلتۇزىنىڭ سەھەردە دەل ئۇپۇق سىزىقىدا بولىدىغانلىقىنى ئۆز كالېندارىنىڭ بىرىنچى كۈنى قىلغان. مۇشۇنداق قىلغاندا ئۇلار بىر يىلنى 365 كۈنگە، 12 ئايغا، بىر ئاينى 30 كۈنگە بۆلەلىگەن. يەنە قالغان بەش كۈننى بولسا بايرام قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان. قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ بۇنداق نازۇك ھالدىكى دەۋرىيلىك سانلىق مەلۇماتلارنى بەلگىلەپ چىقالىشى ئۇلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئاسترونومىيەلىك كۆزىتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئۇنىڭدىن باشقا قەدىمكى مىسىرلىقلار نۇرغۇن يۇلتۇزلارنى تونۇغان، شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزىنى بىلگەن. نۇرغۇن يۇلتۇز تۈركۈملىرى توغرىسىدا گۈزەل رىۋايەتلەرنى توقۇشقان.

مىسىرلىقلارنىڭ ئىنچىكە بولغان كالېندار تۈزۈشى يېزائىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا زور دەرىجىدە تۈرتكە بولغان. كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن كۆپ قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كىمكى ئېنىق، ئىنچىكە، توغرا بولغان كالېندارنى ئىشلىتەلىسە شۇ ئىلغار بولغان يېزائىگىلىككە ئىگە بولىدۇ. كىمكى ئىلغار بولغان يېزائىگىلىككە ئىگە بولسا شۇ مەۋجۇتلۇقنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدۇ، باشقا تەرەپلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالالايدۇ.

## يېزائىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى

ئىنسانىيەت تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا خېلى مۇكەممەل بولغان يېزائىگىلىك تېخنىكىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ ياسىغان تۇغىنى بىلەن سۇ ئامبىرى ئۇلارنىڭ نىل دەرياسى بىلەن ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

قۇللۇق تۈزۈم ئاستىدىكى قەدىمكى مىسىردا قۇلدارلار ئايرىم - ئايرىم يەر ئىگىلىۋالغان بولۇپ، بۇ يەرلەرنى بىر ئانا دەريا — نىل دەرياسى سۇغۇراتتى. كېيىن يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلىپ، مۇئەييەن دەرىجىگە يەتكەندىن كېيىن تەبىئىي سۇغىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سۇ بايلىقىدىن ئەتراپلىق پايدىلىنىش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مىلادىدىن ئىلگى-

www.uyghurkitap.com

رىكى 3500 ـ يىللار ئەتراپىدا قەدىمكى مىسىرنىڭ بىرىنچى سۇلالىسى نىل دەرياسىدىن باشلانغان بارلىق سۇغىرىش سىستېمىلىرىنى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋالدى ھەمدە مەخسۇس ئەمەلدار قويۇپ، سۇغۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى ۋە سۇ رايىنى ھەر ۋاقىت كۆزىتىپ تۇردى. نىل دەرياسىنىڭ سۈيى ئۇلغىيىپ كەتكەندە سۇنى سۇ ئامبىرىغا كىرگۈزۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداپ، ئۇنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئاساس ياراتتى. كېيىنكى دەۋرلەردىكى مىسىر پادىشاھلىرىمۇ بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرگە ئەھمىيەت بەردى. بۇنىڭ بىلەن قەدىمكى مىسىرنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى سىجىللىققا ئېرىشتى. ئىلگىرىكى يېزا ئىگىلىكنىڭ مەقسىتى قورساق تويغۇزۇشلا بولغان بولسا بۇ ۋاقىتلارغا كەلگەندە ئۇنىڭ سەۋىيەسى تېخنىكا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەندى. مۇشۇنداق قىلىپ قورساقنىڭ توق بولۇشى كىشىلەرنىڭ پۈتۈن زېھنىنى تېخنىكا تەرەققىياتىغا قارىتىشىغا تولۇق ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن قول ھۈنەر سەنئەت، ئاسترونومىيە قاتارلىق پەنلەر يېزا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا قوشۇلۇپ بىرلىكتە ئالغا باستى.

يەنە بىر جەھەتتىن ئۇلاغ بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش مىسىر يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەدە تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ يەنە بىر مۇھىم نامايەندىسى ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى قەدىمكى مىسىرلىقلار ئۆزلىرىنىڭ بەدەن كۈچىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى، بۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويغانىدى. ئۇلار ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش جەريانىدا ئۇلارنىڭ كۈچىدىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلىۋالدى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى يەنىمۇ تېزلەشتى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر زىرائەت تۈرلىرىنى كۆپەيتىشكە ئىمكانىيەت چىقىرالىدى. بۇغداي، قوناق قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن باشقا يەنە سەۋزە، پىياز، سامساق، تەرخەمەك، ئۈزۈم، ئەنجۈر قاتارلىق كۆكتات ۋە مېۋىلەرنىمۇ ئۆستۈردى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارالدى. ئېشەك، كالا، قوي قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ كۆندۈرۈلۈشى كىشىلەرنىڭ گۆشكە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن يەنە دېھقانچىلىقنى زۆرۈر بولغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىدى. ئومۇملاشتۇرغاندا قەدىمكى مىسىرنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى ئاللىقاچان خېلى يۇقىرى بولغان سەۋىيەگە يەتكەنىدى، شۇنداقلا بۇ باشقا تېخنىكىلارنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئۇل بولۇپ قالغانىدى.

## بىرونزا قوراللارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشى

ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە بەلگىسى. قەدىمكى مىسىرنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى تۆمۈر قوراللار، بولۇپمۇ بىرونزا قوراللارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەنلىكىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىلا كىشىلەر مىستىن كىچىك سايمانلارنى ياساشنى ۋە ئىشلىتىشنى بىلىۋالغانىدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 16 ـ ئەسىردە كىشىلەر بىرونزا تاۋلاشنى ئۆگىنىۋالدى. بىرونزا بولسا مىس بىلەن قەلەي (بەزىدە قوغۇشۇن)نى بىرىكتۈرۈپ تاۋلاپ چىقىرىلاتتى، ئۇنى ساپ مىس بىلەن سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ قاتتىق بولاتتى. بىرونزادىن ھەر خىل قوراللار ياسالغاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سەۋىيەسى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ ھۈنەرۋەنلىرى ئۆزلىرىنىڭ كارامىتىنى تېخىمۇ ياخشى نامايان قىلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى مەسىلە شۇكى، قانداق قىلىپ بولمىسۇن شامالدۇرغۇچنى ئىسلاھ قىلىش ئىدى. قەدىمكى مىسىرلىقلار پۇت بىلەن دەسسەپ، شامال پۈركۈيدىغان شامالدۇرغۇچنى ئىشلەتكەنىدى. بۇنىڭ بىلەن تاۋلاش ئوچىقىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ۋاقىتنى قىسقارتىش بىلەن تاۋلانغان مېتالنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. مىس تاۋلاش تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، يەنە تۆمۈر، كۈمۈش ۋە ئالتۇن تاۋلاش تېخنىكىسىمۇ تەرەققىي قىلدى. بىراق بۇ مېتاللارنىڭ، بولۇپمۇ تۆمۈرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىشى ئۇنچىلىك كەڭ بولمىدى.

## تىك شەكىللىك توقۇش ماشىنىسى ۋە توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى

قەدىمكى مىسىرلىقلاردىن قالغان نۇرغۇن ئاسار ئەتىقىلەردىن ئايان بولۇشىچە، مىسىرلىقلار ئەينى ۋاقىتتا مېتال تاۋلاشنى بىلگەندىن سىرت يەنە توقۇمىچىلىق، ياغاچچىلىق، كۆن ـ خۇرۇم قاتارلىق قول ھۈنەر ساھەسىدە ئادەمنى خۇشال قىلارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. مىسىرنىڭ بىرىنچى سۇلالىسىدىن قالغان بىر پارچە رەخت پارچىسىنى تەكشۈرۈشتىن ئايان بولۇشىچە بۇ رەختنىڭ ھەر كۋادرات سانتىمېتىر دائىرىسىدىكى يىپىنىڭ زىچلىقى $63 \times 74$ تالغا يەتكەن بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. تارىخىي يىلنامىسى بىر قەدەر ئۇزۇن بولغان بىر پارچە

رەسىمدە بىر قەدەر ئاددىي بولغان ياتقۇزۇلغان توقۇش ماشىنىسى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، كېيىن بۇنىڭ ئىككى ئادەم باشقۇرىدىغان تىك شەكىللىك توقۇش ماشىنىسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. بۇ ماشىنىدا ئېنى كەڭرەك بولغان رەختلەرنىمۇ توقۇغىلى بولاتتى.

## تارىخىي سىر — ئەلئېھرام

قەدىمكى مىسىرلىقلار ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن روھى داۋاملىق تۇردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، پەقەت جەسەت ياخشى ساقلانسىلا ئارىدىن تالاي يىللار ئۆتكەندىن كېيىن تىرىلىدۇ ھەمدە مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشەلەيدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇلار قەبرىلەرنى ئىنتايىن پۇختا قىلىپ ياسىغاندىن باشقا جەسەتنى مومىيالايتتى. مانا مۇشۇنداق ئىدىيە مىسىرلىقلارنىڭ پىرامىدا شەكىللىك ئەلئېھرامنى ياسىشىغا سەۋەب بولغانىدى.

ئەلئېھرام قەدىمكى مىسىر پادىشاھلىرىنىڭ قەبرىسى بولۇپ، پادىشاھلىق ھوقۇقىنىڭ مۇقەددەسلىكىگە سىمۋول ئىدى، شۇنداقلا پادىشاھنىڭ «مەڭگۈلۈك ھاياتلىق»قا ئېرىشكەنلىكىنى ئىپادىلەيتتى. ئەلئېھراملارنىڭ قانداق سېلىنغانلىقى توغرىسىدا ھازىرغا قەدەر بىر مۇنچە كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ بىرەرى بېكىتىلگىنى يوق. نىل دەرياسىنىڭ دېلتا رايونىغا جايلاشقان بۇ بۈيۈك قۇرۇلۇشلارنىڭ سانى نەچچە ئوندىن ئارتۇق بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا مىسىرنىڭ 4 - سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خۇپ ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ جەسىتى قويۇلغان ئېھراملاردۇر. خۇپ قويۇلغان ئېھرامنىڭ ئېگىزلىكى 146.6 مېتىر بولۇپ، 1889 - يىلى پارىژ ئېففېل تۆمۈر مۇنارى پۈتۈشتىن بۇرۇن تۆت مىڭ يىل جەريانىدا دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز قۇرۇلۇش ھېسابلىناتتى.

ئەلئېھرام قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى مۆجىزە بولۇپلا قالماستىن ئۇنىڭ لايىھەلىنىشى، ئۆلچىمى، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىشى قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ ئاسترونومىيە، ھېساب، گېئومېترىيە قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قەدەر چوڭ مەلۇماتقا ئىگە بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مۇمىيانىڭ ياسىلىشىمۇ دورىگەرلىك ۋە ئاناتومىيە ئىلمىدە بەلگىلىك سەۋىيەنى ياراتقانلىقنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى يۇنانغا تارقالدى، يەنە يۇنان ۋە ئىسكەندىرىيە ئارقىلىق غەربىي ياۋروپاغا تارقىلىپ زور زىلزىلە پەيدا قىلدى.

ئەلئېھرام ئۆز نۆۋىتىدە يەنە سەنئەتنىڭ ئىپادىلىنىشى ئەدى. قەدىمكى مىسىرلىقلار ئېگىز تاغ، چوڭ قۇملۇق، چوڭ دەريالارنىڭ ھەممىسىنى مۇقەددەس ھەم مەڭگۈلۈك دەپ ئىشىنەتتى. پادىشاھنىڭ ھوقۇقىغا سىمۋول بولغان ئەلئېھرام دەل مانا مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغانىدى. ئۇ بىر قۇرۇلۇش، يەنە دىنىي ئېتىقاد ۋە بىر خىل پەلسەپە ئىدى.

ئەلئېھرامدىن باشقا قەدىمكى مىسىرلىقلار نۇرغۇن ھەيۋەتلىك ئىبادەتخانىلارنى ياسىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سەنئەت قارىشى مۇكەممەل ئەكس ئەتكەنىدى. مەسىلەن، نىل دەريا بويىغا سېلىنغان كاناك ئىبادەتخانىسى مىلادىدىن بۇرۇنقى 14 - ئەسىردە سېلىنغان بولۇپ، 134 يۇملاق غايەت زور تۈۋرۈك بار، بۇنىڭ ئىچىدىكى 12 تۈۋرۈكنىڭ دىيامېتىرى تەخمىنەن 3.6 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 21 مېتىر بولۇپ، ئىنسانىيەت قۇرۇلۇش تارىخىدىكى مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ.

## مەدەنىيەتنىڭ يۈدگۈچىسى — سامان قەغەز

يېزىق ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق يۈدگۈچىسى. يېزىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئىنسانىيەت ئۆز بىلىملىرىنى خاتىرىلەپ، ماكان ۋە زاماندىن ھالقىتىپ كەڭرى تارقاتالىغان. قەدىمكى مىسىرلىقلار سامان قەغەز ئىشلىتىپ، ئۆزلىرى ئىختىرا قىلغان پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى خاتىرىلەپ نەچچە مىڭ يىللارنى بېسىپ، بىزگە قەدەر يەتكۈزۈپ بەرگەن.

قەدىمكى مىسىرلىقلار دەسلەپتە شىنا يېزىقنى ئىشلەتكەن، تەخمىنەن مىلادىدىن 27 ئەسىر ئىلگىرىلا ئۇلارنىڭ خەت ئامبىرى خېلى موللىشىپ قالغانىدى. كېيىن ئۇلار ھەرپلىك يېزىقنى ئىجاد قىلىپ شىنا يېزىقى بىلەن ئورتاق قوللانغان. ئۇزاق يىللىق تەرەققىيات جەريانىدا ئۇلارنىڭ يېزىقى ھەرپ، نوتا ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ تەسۋىرىي يېزىق سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەلئېھرام، ھەيۋەتلىك ئىبادەتخانىلارنىڭ يوغان تاش تۈۋرۈكلىرىدىن ئۇلارنىڭ گويا مەڭگۈ ئۆچمەيدىغاندەك ئىزناسىنى ھېلىھەممۇ كۆرگىلى بولىدۇ. نىل دەرياسىنىڭ دېلتا رايونىدا قومۇشقا ئوخشاپ كېتىدىغان پاپىرۇس دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى تۇجۇپىلەپ كېسىپ شامالدا قۇرۇتۇپ، سامان قەغەز ياسايتتى. ئۇنىڭغا تۇتۇندىن قارىداپ كەتكەن كۈيە بىلەن خەت يازاتتى. بىراق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىل سامان قەغەز يېرىلىپ تىتىلىپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇنى ساقلىماق تەس ئىدى. ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ بەختىگە شۇ ۋاقىتتىكى راھىبلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يازغان سامان قەغەزگە يېزىلغان يازمىلار ھازىرغا قەدەر يېتىپ كەلگەندى، ئۇنىڭدا ھېساب ۋە گېئومېترىيەگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بار ئىدى.

بۇ مەدەنىيەت نامايەندىسى بىزگە يېزىق ۋە يېزىش قوراللىرىنىڭ بولۇشى ئىدىيە ۋە تېخنىكىنى ساقلاپ ۋە تارقىتىپ، مەدەنىيەتنى داۋاملاشتۇرۇپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

## يەر ئۆلچەش تېخنىكىسى — گېئومېترىيەنىڭ باشلانغان جايى

قەدىمكى مىسىرلىقلار ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا گېئومېترىيەنىڭ نۇرغۇن نەزەرىيەۋى بىلىملىرىنى خۇلاسىلەپ چىققانىدى، ھەممە بۇلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا قوللىنىپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرغانىدى.

تارىخىي ھۆججەتلەردە يېزىلىشىچە نىل دەرياسىنىڭ تاشقىنى ھەر يىلى ئېتىزلىقلارنىڭ چېگراسىنى بۇزۇۋېتىدىغان بولۇپ، كىشىلەر يەنە باشقىدىن يەرنىڭ چېگراسىنى بەلگىلەشكە مەجبۇر بولاتتى. مانا مۇشۇنداق ئېھتىياج گېئومېترىيەدىن ئىبارەت يەر ئۆلچەش ئىلمىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولغان. قەدىمكى مىسىرلىقلار چەمبەرنىڭ يۈزىنى ھېسابلاش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىققانىدى، ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق ئىدى: چەمبەرنىڭ دىيامېتىرىدىن ئۇنىڭ 1/9نى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن كىۋادراتقا كۆتۈرەتتى، بۇ 3.1605 نى چەمبەر تۇراقلىقى قىلغانغا باراۋەر ئىدى. ئەلۋەتتە، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلاردا «چەمبەر تۇراقلىقى» دېگەن ئۇقۇم يوق ئىدى. ئۇلار يەنە تىك تۆتبۇلۇڭ، ئۈچبۇلۇڭ ۋە تراپېتسىيەنىڭ يۈزىنى ۋە كۇپ، پاراللېلېپىپېد، سىلىندىرنىڭ ھەجمىنى ھېسابلاشنى بىلەتتى. ئۇلار قوللانغان مۇنتىزىم تۆت ياقلىق پىرامىدانىڭ ھەجمىنى ھېسابلاش فورمۇلاسى بۈگۈنكى كۈندە بىز قوللىنىۋاتقان فورمۇلا بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىدى. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ ماتېماتىكا توغرىسىدىكى يازمىلىرى كۆپ بولمىسىمۇ ئۇلار قۇرغان مۆجىزە خاراكتېرلىك ئەلئېھرام، ھەيۋەتلىك ئىبادەتخانىلار گېئومېترىيە بىلىملىرىنىڭ بەلگىلىك يۇقىرى سەۋىيە ياراتقانلىقىنى سۆزلەپ تۇرىدۇ.

## مۇمىيا ۋە قەدىمكى مىسىرنىڭ تېبابەتچىلىكى

قەدىمكى مىسىرنىڭ مەدەنىيىتى مىڭ يىللاردىن بېرى چىرىمەي تۇرغان مۇمىيالار بىلەنمۇ ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن دۇنيا كىشىلىرىگە «مۇمىيا» دېگەن بۇ ئاتالغۇ بەكمۇ تونۇشلۇق. تەتقىقاتچىلارنىڭمۇ «مۇمىيا» ھەققىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمۇ بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

قەدىمكى مىسىرلىقلار بەدەننى روھنىڭ ماكانى، مەڭگۈ ھاياتلىققا ئېرىشمەك ئۈچۈن جەسەتنى ياخشى ساقلاش كېرەك دەپ قارايتتى. مۇمىيا ياساشنىڭ جەريانى مۇنداق ئىدى: ئالدى بىلەن بەش ئەزانى تارتىپ ئېلىۋېتىپ، تۇز سۈيى، پۇراقلىق ماتېرىياللار ۋە سىمولاغا چىلاپ بولۇپ شامالدا قۇرۇتاتتى، ئاندىن كاناپ بىلەن ئورايتتى، بۇنداق بولغاندا جەسەتنى ئۇزاق مۇددەت ساقلىغىلى بولاتتى. مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ساقلانغان جەسەتلەر «مۇمىيا» دەپ ئاتىلاتتى. مۇمىيا ياساش مىسىرنىڭ بىرىنچى سۇلالىسى ۋاقتىدىلا باشلانغانىدى. كىشىلەر بۇ جەرياندا مول بولغان ئاناتومىيە تەجرىبىلىرىنى توپلاپ، تاشقى كېسەل داۋالاش تېخنىكىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ بارغانىدى.

بۈگۈنكى كۈندە ئافرىقا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىدا ياشايدىغان بەزى قەبىلىلەردە ھېلىمۇ قەدىمكى مۇمىيا ياساش ئىشلىرى داۋام قىلىپ كەلمەكتە. ھازىرقى تېبابەت ئىلمىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇنىڭ ھېچقانچە مەخپىيەتلىكى بولمىسىمۇ بىراق نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا چىرىمەسلىك تېخنىكىسىنى تېبابەتتىكى يۇقىرى پەللە دەپ ئېيتىشقا تامامەن بولىدۇ.

مىلادىدىن 3000 يىللار بۇرۇنلا قەدىمكى مىسىردا ئەڭ دەسلەپكى تېبابەت ماقالىلىرى پەيدا بولغانىدى. ھازىر بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى تېبابەت ماقالىلىرى سامان قەغەزگە يېزىلغان بولۇپ، كېسەلنىڭ ئۆزىنى ناھايىتى ئاز تەسۋىرلىگەنىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، قەدىمكى مىسىرنىڭ ئىچكى ئەزالارنى ئىپادىلەيدىغان شىنا يېزىقىنىڭ كۆپ قىسمى ھايۋاناتلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىغا تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئادەم ۋە ھايۋانلارنى كۆپ قېتىم ئاناتومىيە قىلغانلىقىنى، قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ بىيولوگىيە بىلىمىنىڭ تەدرىجىي موللاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

(پىچان ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن غاپپار قاسىم تەييارلىغان)

مۇھەررىر: نۇرگۈل روزى
ئېلخەت: 1448746602@qq.com

# نېفىت ۋە نېفىت تەرەققىياتىغا ئائىت ھېكايىلەر



◉ ئادىل غوجالىم

بۈگۈنكى دەۋردە ئىنسانلار نېفىتتىن پەقەتلا ئايرىلالمايدىغان ھالەتكە كەلدى. بىناكارلىق، قاتناش - ترانسپورت، ئالەم سانائىتىدىن تارتىپ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى يېمەك - ئىچمەككىچە بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدە نېفىتتىن چەككىلەنگەن مەھسۇلاتلار بار. ئىنسانلار نېفىت بايقالغاندىن تارتىپ ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىگىچە بولغان ئۇزاققا سوزۇلغان دەۋردە بەس-مۇنازىرە، تالاش - تارتىشلار، تۈگىمەس گۇمانغا تولغان جەريانلارنى بېشىدىن كەچۈردى. دەل مۇشۇنداق تالاش-تارتىش، دەرگۇمان ئىچىدە كىشىلەر نېفىتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىرمۇ بىر ئىگىلەپ، دۇنيانى بۈگۈنكى نېفىت دەۋرىگە باشلىدى، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئىنسانىيەتكە قولايلىق ئېلىپ كېلىش بىلەن بىللە كىشىلەرگە زور ئاۋارىچىلىك ئەكەلىدىغان دەۋرگە باشلىدى.

ئېنېرگىيە ۋە خىمىيە سانائىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم خام ئەشياسى بولغان نېفىت كۆيىدىغان، مايسىمان سۇيۇقلۇق بولۇپ، قارامتۇل، قوڭۇر ياكى تۇتۇق يېشىل رەڭدە بولىدۇ. ئۇ تەبىئىي نېفىت ۋە سۈنئىي نېفىت دەپ ئىككى خىلغا بۆلىنىدۇ. نېفىت ئالماقچان ئىنسانىيەت ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئىستراتېگىيەلىك ئەشياغا ئايلاندى.

ھازىرقى زامان نېفىت قېزىش تارىخىنى **1846** - يىلىغىچە سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، بۈگۈنگە قەدەر **170** يىل ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى بىرقانچە مىڭ يىلدا ھەرقايسى جايلاردىكى كىشىلەر «نېفىت» نىڭ ئاتىلىشى ۋە خۇسۇسىيىتىنى ئىگىلىگەن. جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان دائىلىق ئەسەرلىرىدە قەيت قىلىنىشىچە نېفىتنى ئەڭ بۇرۇن بايقىغان ۋە خاتىرىلىگەن كىشى جۇڭگولۇق بولۇپ، بەزى كىشىلەر «پالنامە» دە تىلغا ئېلىنغان «سازلىقتىكى ئوت» نېفىتنىڭ ئۆزلۈكىدىن كۆيىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەگەر بۇ قاراش دەلىللەنسە جۇڭگولۇقلار ئاز دېگەندىمۇ بۇنىڭدىن **3000** يىل ئىلگىرى نېفىتنى بايقىغان ۋە خاتىرىلىگەن بولىدۇ.

شىنجاڭدا نېفىتنىڭ بايقىلىشى مىلادى **561** - يىلىغا توغرا كېلىدۇ. «شىمال تارىخى» دا: «كۇسەن (ھازىرقى كۇچا) نىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى چوڭ تاغدا مايسىمان ھالەتتىكى سۇيۇقلۇق ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى نەچچە ئون چاقىرىم

كېلىدۇ، بۇ ماي پۇراقلىق بولۇپ، چېچى چۈشۈپ كەتكەن، تەمرەتكە چىقىپ قالغان، چىشى چۈشۈپ كەتكەن ئادەملەرگە ئىشلەتسە كېسەلگە داۋا بولۇپ، قايتا چاچ، چىش چىقىدىكەن، تەمرەتكە يوقايدىكەن. ئۇ نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ كېسەلگە داۋا بوپتۇ. يەرلىك كىشىلەر بۇ مايسىمان سۇيۇقلۇقنى گۆھەر ئورنىدا بىلىپ، ئوردىغا سوۋغا قىلىدىكەن»، دەپ خاتىرىلەنگەن.

بۇنىڭدىن 1300 يىللار ئىلگىرىكى ئىشەنچلىك خاتىرىلەردە يەنى جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىپ يىپەك سودىسى قىلىدىغان سودىگەرلەر، سەيياھلار يەر يۈزىگە ئېقىپ چىققان سۇيۇقلۇقتىن نېفىتنىڭ ئالامەتلىرىنى بايقىغان ھەم ئۇنى ئىشلەتكەن. ئۇنى ئېسىل بۇيۇم سۈپىتىدە ئۆز دۆلىتىگە ئېلىپ كەتكەن.

بەزى كىشىلەر قەدىمدە ئەزەربەيجانلىقلار نېفىتنى ئەڭ بۇرۇن بايقىغان ۋە خاتىرىلىگەن، دەپ قارىسا؛ يەنە بەزى كىشىلەر ئىككى دەريا ۋادىسىدا ياشىغان سومېرلار مىلادىدىن 2500 يىللار ئىلگىرى قارا مايدىن پايدىلىنىپ ئويمىچىلىق قىلغان، بۇنىڭدىن باشقا قارا ماي بىلەن خىشنى بىرلەشتۈرۈپ بۇتخانا ۋە ئوردا سالغان، دەپ قارايدۇ؛ يەنە بەزى كىشىلەر نېفىتنى ھىندى دەرياسى ۋادىسىدىكى، يەنى ھازىرقى پاكىستان تەۋەسىدىكى دىراۋىدىئانلار بايقىغان، دەپ قارايدۇ. ئارخېئولوگلار بۇ يەردىن مىلادىدىن 4000 يىللار ئىلگىرىكى قارامايدىن پايدىلىنىپ ياسالغان «ھاممام» نى بايقىغان. نېفىتنى كىم ئەڭ بۇرۇن بايقىغان؟ نېفىت قۇدۇقىنى كىم ئەڭ بالدۇر قازغان؟ بۇ ھەقتە تالاش-تارتىش كۆپ بولۇۋاتىدۇ. ئەنگلىيەلىك يوسىپ نىداھام «جۇڭگو پەن-تېخنىكا تارىخى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق قارىدى: مىلادى4-ئەسىردە جۇڭگونىڭ سىچۇەن دېگەن يېرىدىكى كىشىلەر بامبۇك خادىسى بىلەن قۇدۇق قېزىپ نېفىت ئالغان ھەم ئۇنى تۇز ياسايدىغان ماتېرىيال قىلغان.

غەرب ئالىملىرىنىڭ كۆپ قىسمى: «قەدىمكى پېرسىيە پايتەختى سۇسا ئەتراپىدا ياشىغان كىشىلەر بۇنىڭدىن 2500 يىل ئىلگىرىلا نېفىت ئالغان، نېفىت قۇدۇقىنىڭ تارىخى بۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق»، دەپ قارايدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە نېفىت ئىنتايىن كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلىدۇ، لېكىن قەدىمدە كىشىلەر نېفىتتىن قانداق پايدىلانغان؟ نېفىتنىڭ بايقىلىشىغا ئۇنىڭ كۆيۈش خۇسۇسىيىتى سەۋەب بولغان. قەدىمدە نېفىت ئىشلەتكەن دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇنى كېچىدە يورۇتۇش ۋە چىراغ ئورنىدا ئىشلەتكەنلىك توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرۇلغان. ئەمما ھازىرغىچە بايقالغان ئىشەنچلىك ئىشلىتىلىش مۇددىئاسى ئۆي سېلىش بولۇپ، بۇ كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ھىندى دەريا ۋادىسىدا قارامايدىن سېلىنغان قەدىمكى «ھاممام»، ئىككى دەريا ۋادىسىدا ياشىغان سومېرلار قارا مايدىن پايدىلىنىپ سالغان ئوردا ئەڭ بۇرۇن نېفىت قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ئارقىلىق سېلىنغان ئىمارەت ھېسابلىنىدۇ.

مىلادى 8 - ئەسىردە ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ يېڭى پايتەختى باغداتنىڭ ھەممە كوچىلىرىغا قارا ماي ياتقۇزۇلغان بولۇپ، دۇنيادىكى تۇنجى «يولى ئاسفالتلاشقان» شەھەرگە ئايلانغان. يەنە بىر قەدىمكى ئىشلىتىش ئۇسۇلى بولسا نېفىتتىن پايدىلىنىپ ئادەم ۋە چارۋىلاردا كۆرۈلىدىغان تېرە كېسىلىنى داۋالاش بولغان. قەدىمكى پېرسىيە پايتەختى سوسا ئەتراپىدىن تېپىلغان تاشقا قارا مايدىن پايدىلىنىپ تېرە كېسەللىرىنى داۋالىغانلىق مىساللىرى خاتىرىلەنگەن.

10 - ئەسىردە، ئەرەب سەيياھ مەسئۇدى خاتىرىسىدە باكۇلۇقلارنىڭ قارا مايدىن پايدىلىنىپ ئاتنىڭ تېرە كېسىلىنى داۋالىغانلىقىنى خاتىرىلىگەن. 13 - ئەسىردىكى داڭلىق سەيياھ ماركوپولو جۇڭگوغا بېرىش يولىدا باكۇدىن ئۆتكەن، ئۇ ئەسىرىدە: بۇ يەردىكى نېفىت بىلەن «ئادەم ۋە چارۋىلاردا بولىدىغان قىچىشقاق ۋە تەمرەتكىنى داۋالىغىلى بولىدۇ»، دەپ يازغان.

جۇڭگو تارىخي خاتىرىلىرىدە نېفىت دەسلەپتە مىلادى 587 - يىلى غەربىي تۈرك خانلىقى جۇچۇەنگە ھۇجۇم قىلغاندا ھەربىي ئىشلاردا ئىشلىتىلگەن، دەپ خاتىرىلەنگەن. ئەينى ۋاقىتتا غەربىي تۈرك لەشكەرلىرى جۇچۇەننى ئېلىشقا ئازلا قالغاندا شەھەرنى ساقلاۋاتقان لەشكەرلەر يۇمىندىن ئەكەلگەن نېفىتنى تۇڭغا قاچىلاپ تۆۋەنگە چاچقان، ئاندىن ئوقيا ئۇچىغا ئوتنى باغلاپ ئاتقان. بۇنىڭلىق بىلەن زور كۆلەمدە ئوت ھاسىل بولۇپ شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان لەشكەرلەر كۆيۈشكە باشلىغان. ئوت ئاپىتىنىڭ ئىچىدە قالغان تۈرك قوشۇنلىرى ئىلاجىسىز چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان، شۇنىڭ بىلەن جۇچۇەن شەھىرى ئامان قالغان. كېيىنچە نېفىت سۇ قوشۇنىدا ئىشلىتىلگەن.

مىلادى 668 - يىلى گرېتسىيەلىك پۇشتىدىن بولغان سۇرىيەلىك ھۈنەرۋەن گاللىنىكوس ئۆزى ئىجاد قىلغان «گرېتسىيە ئوتى» نى ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى كونستانتىنوپولغا ئاپارغان، بۇ خىل «مەخپىي قورال» دىن ئېتىلىدىغان سۇيۇق كۆيدۈرگۈ ئالاھىدە ياسالغان نودىن ئېتىلىدىكەن، سۇغا تەگكەن ھامان ئوت ئالىدىكەن، ئېتىلغاندا قاتتىق ئاۋاز، ئىس-تۈتەك چىقىدىكەن. كېمە، يەلكەنلىك كېمە ۋە ئادەم تېنىگە

چاپلاشسا تېخىمۇ كۆيۈپ دۈشمەننىڭ جەڭ كېمىسى ۋە ئەسكەر-
لىرىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىدىكەن. مىلادى 678 - يىلى 6-
ئاينىڭ25 - كۈنى سەھەردە، ناچار ئەھۋالدا قالغان ۋىزانتىيە
ئىمپېرىيەسى بۇ خىل سىرلىق قورال بىلەن كونستانتىنپولنى
قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئەرەب سۇ قوشۇنىنىڭ مۇھاسىرى-
سىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، دۈشمەن جەڭ كېمىسىنىڭ ئۈچتىن ئىككى
قىسمىنى دېڭىزغا غەرق قىلىۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن «گرېت-
سىيە ئوتى» كىشىلەر تەرىپىدىن «خرىستىيان دۇنياسىنى قوغ-
دىغۇچى ئىلاھ»، دەپ ئاتالغان. ۋىزانتىيە پادىشاھى جەڭ غە-
لىبىسىدىن خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ «گ-
رېتسىيە ئوتى» ياساش ئۇرنىنى خان ئوردىسىغا كۆچۈرۈپ،
ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە مەخپىي تۇتقان.

چەت ئەللەردە نېفت سودىسى خېلى بۇرۇنلا شەكىللەن-
گەن. مەسىلەن، باكۇ قەدىمدىلا نېفتنىڭ كۆپ قىسمىنى ئېكس-
پورت قىلغان، پېرسىيە ئاساسلىق «ئىستېمال دۆلىتى» بولغان.
ماركوپولونىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، قاچىلانغان نېفت
100 كېمە كېلىدىكەن، كىشىلەر خېلى يىراق جايلاردىن بۇ يەر-
گە كېلىپ نېفت سېتىۋالىدىكەن. قەدىمكى جۇڭگودا نېفت سو-
دا زەنجىرى ئىزچىل شەكىللەنمىگەن. ماتېرىياللارغا قارىغاندا،
جۇڭگوغا كىرىسىن 1863-يىلى ئامېرىكا سودىگىرى ئارقىلىق
كىرگەن. ئەينى يىللاردىكى نېفت ئايرىش قىزغىنلىقى نەتىجە-
سىدە ئامېرىكا، رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت ئىچىدە
نېفت ئىشلەپچىقىرىشى ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتكەن. شۇنىڭ بى-
لەن ئۇلار ئەپيۇن ئۇرۇشى ئارقىلىق جۇڭگو دەرۋازىسىنى قاق-
تى. ئەپيۇن ئۇرۇشى جۇڭگوغا تاڭغان تەڭسىز شەرتنامىلەرنى
كۆتۈرۈشۈپ جۇڭگودەك چوڭ بازارغا قىن - قىنىغا پاتمىغان
ھالدا كىرىشتى. ئامېرىكا دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن زور مىق-
داردا نېفت ئىشلەپ چىقارغان دۆلەت، شۇنداقلا جۇڭگو بازى-
رىغا ئەڭ بۇرۇن تۆكمە قىلىپ ساتقانمۇ ئامېرىكىلىق سودى-
گەر.1863 - يىللا ئامېرىكىلىق سودىگەر ئېلىمىزگە 2110 گا-
لون (تەخمىنەن 8.6 توننا) كىرىسىن ئەكىرگەن، ئاساسلىقى
جۇڭگودىكى چەت ئەللىكلەر چىراغ يورۇتۇشقا ئىشلەتكەن. ئەي-
نى ۋاقىتتا خەلق كىرسىننى «ئەجنەبىي مېيى» دەپ ئاتىغان.

1863 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە بولغان 75 يىل ئىچى-
دە چەت ئەل سودىگەرلىرى جۇڭگوغا ئەكىرگەن تۈرلۈك نېفت
مەھسۇلاتلىرى 28 مىليون 800 مىڭ تونىنا بولۇپ، بۇنىڭ ئى-
چىدە 23 مىليون 180 مىڭ تونىنا كىرسىن، بېنزىن 1 مىليون
320 مىڭ تونىنا بولغان. بۇ ئەينى يىللاردىكى ئىقتىسادى ناچار
جۇڭگو ئۈچۈن ھەرگىز ئاز سان ئەمەس. ئىنسانلار ھازىرقى
زامان نېفت دەۋرىگە قاچان قەدەم قويغان؟ بۇ ھەقتە خاتىرى-
لەردىمۇ پەرق مەۋجۇت. ئامېرىكىلىقلار: 1859 - يىلى 8 -
ئاينىڭ 29 - كۈنى ئېدۋىن دىراك پېنسىلۋانىيە ئىشتاتىنىڭ
تېيسۋېر كىچىك بازىرىدا 21.69 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بىر نېفت
قۇدۇقى قازغان، دەيدۇ. بۇ قۇدۇق ئامېرىكا تەرىپىدىن «دۇن-
يا بويىچە تۇنجى ھازىرقى زامان نېفت قۇدۇقى» دېيىلگەن،
دىراكمۇ نېفت دەۋرىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقۇچى، دەپ قارىلىپ
«نېفت سانائىتىنىڭ ئاتىسى» دېگەن نامغا مۇيەسسەر بولغان.
لېكىن رۇسىيەلىكلەر: «1848 - يىلى رۇسىيەلىك سېميونوۋ با-
كۇغا يېقىن جاي، كاسپىي دېڭىزى ئاپشېرونسكىي يېرىم ئارىلى-
دىكى بىبى بىلەن ئەباتتا قازغان نېفت قۇدۇقىنى دۇنيا بويىچە
بىرىنچى بولۇپ قېزىلغان ھازىرقى زامان نېفت قۇدۇقى»،
دەپ قارايدۇ. شۇ سەۋەبتىن سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە تۇ-
زۇلگەن قامۇستا «نېفت سانائىتىنىڭ ئاتىسى»، دېگەن نام
سېميونوۋغا بېرىلگەن. بۇ ئەھۋالدا «بىرىنچى»نى ئايرىپ چې-
قىش ھەقىقەتەن تەس. راستىنى ئېيتقاندا، دىراكنىڭ مۇۋەپپەقىيە-
تى ناھايىتى تېزلا كۆلەملىك كەسپكە ئايلانغان، لېكىن سېميو-
نوۋ قۇدۇق جازىسى بىلەن قۇدۇق قېزىش تېخنىكىسىنى ئەڭ
بالدۇر قوللانغان بولۇپ، 1861 - يىلى دۇنيا بويىچە تۇنجى
ھەقىقىي نېفت ئايرىش زاۋۇتىنى قۇرغان. بۇ ئىككەيلەننىڭ ھا-
زىرقى زامان نېفت دەۋرىنىڭ باشلىنىشىغا قوشقان تۆھپىسى
بىر-بىرىنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. 1859 - يىلى تۇنجى ئىچىدىن
ياندۇرغان دۋىگاتېل بارلىققا كەلدى؛ 1886 - يىلى تۇنجى
ئاپتوموبىل بارلىققا كەلدى. مەيلى ئىچىدىن ياندۇرغان دۋىگا-
تېل، ئاپتوموبىل ياكى پاراخوت، پويىز بولسۇن ھەممىسىنىڭ
دەسلەپكى يېقىلغۇسى كۆمۈر ياكى كۆمۈر مەھسۇلاتلىرى ئىدى.
لېكىن كىشىلەر ناھايىتى تېزلا نېفتنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئىلغار يې-
قىلغۇ ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، نېفت كۆمۈرنىڭ ئورنىنى
بېسىپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاپتوموبىللارنىڭ ئاساسلىق يې-
قىلغۇسىغا ئايلاندى، ئاۋىياتسىيە دەۋرىنىڭ باشلىنىشىغا ئەگىشىپ
نېفتنىڭ ئورنى تېخىمۇ ئۆستى، ئايروپىلان بارلىققا كەلگەن
تۇنجى كۈندىن ئېتىبارەن ئىنسانىيەت نېفتتىن ئايرىلالمىدى.

(ئاپتور: مايتاغ ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@sina.com

www.uyghurkitap.com



# لوپ ناھىيەسى نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى

◉ غالىب بارات ئەرك



لوپ ناھىيەسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى چېتىگە، قۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەرق تەرىپى چىرا ناھىيەسى بىلەن، جەنۇب ۋە غەربى جەنۇبى خوتەن شەھىرى ۋە خوتەن، قاراقاش ناھىيەلىرى بىلەن دەريا ئارقىلىق، شىمالى ئاقسۇ شەھىرى ۋە ئاۋات ناھىيەسى بىلەن تۇتىشىدۇ. لوپ ناھىيەسىنىڭ يەر مەيدانى 14 مىڭ 264 كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ ئىككى بازار، سەككىز يېزىسى بار. ناھىيەنىڭ مەركىزى بۇرۇن «سەيشەنبە بازار» دەپمۇ ئاتالغان، ھازىر «لوپ بازىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

لوپنۇر ناھىيەسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقى شىمالى چېتىگە، تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا - تۆۋەنكى ئېقىنىغا جايلاشقان. شەرقى جەنۇبى چارقىلىق ناھىيەسى بىلەن، جەنۇبى چەرچەن ناھىيەسى بىلەن، غەربى شايار ۋە كۇچا ناھىيەلىرى بىلەن، شىمالى كورلا شەھىرى ۋە بۇگۇر، باغراش، خوشۇت ناھىيەلىرى ھەم تۇرپان شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. يەر مەيدانى 59 مىڭ 399 كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ ئىككى بازار، يەتتە يېزىسى بار. لوپنۇر ناھىيەسىدە ياشايدىغان ئاھالىلەر لوپنۇرلۇقلار دېيىلىدۇ، ئەمما بۇلاردىن لوپنۇر دىيالېكتىدا سۆزلەشكەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى 1950 - يىلىدىن بۇرۇنقى ئەھۋالغا ئاساسەن «لوپلۇق»لار دەپ پەرقلەندۇرۇش زۆرۈر.

چارقىلىق ناھىيەسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرق تەرىپى گەنسۇ ۋە چىڭخەي ئۆلكىلىرى بىلەن، جەنۇبى شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن، غەربى چەرچەن ناھىيەسى بىلەن، شىمالى لوپنۇر، پىچان ناھىيەلىرى ۋە قۇمۇل شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. يەر مەيدانى 198 مىڭ 318 كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ تۆت بازار، تۆت يېزىسى بار. چارقىلىق ناھىيەسىدە لوپ (نۇر) كۆلى، لوپنىڭ قېقىرى، لوپ سۈيى، لوپ كۆۋرۈكى، لوپ لەڭگەر (لوپچاڭزى)، لوپ كۆۋرۈكى، لوپ مەھەللىسى، لوپلۇقلار ۋە لوپ قەدىمكى شەھىرى بار.

لاپچۇق قەدىمكى شەھىرى خارابىسى ش ئۇ ئا ر دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى بولۇپ قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە يېزا بوستان كەنت لاپچۇق مەھەللىسىنىڭ 300 مېتىردەك شىمالىدا، ھازىر خەنزۇچە 四堡 دېيىلىدۇ، تارىخىي دەۋرلەرگە نىسبەتەن 拉布乔克 (مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە 腊竺 دەپ يېزىلغان) ئېلىنىدۇ، قۇمۇل شەھىرىگە 65 كىلومېتىر كېلىدۇ. بەزى تەتقىقاتلار لاپچۇق نامىنى قەدىمكى تارىخىي يازمىلاردا كۆرۈلىدىغان 纳职 نامىدىن كەلگەن دەپ قارايدۇ. «كونا تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى»، «يۈەنخې ئايمىقىدىكى ناھىيەلەرنىڭ تەزكىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلەردىن كۆرۈشىمىزچە، مىلادىيە 630 - يىلى





هازىرقى چارقىلىق تەۋەسىدىن كۆچۈپ بارغان ئاھالىلەر لاپچۇق كونا شەھىرى خارابىسى ئورنىدا قەلئە سېلىپ ئولتۇراقلاشقان ھەمدە كونا يۇرتىنىڭ نامىدا بۇ يەرنى شۇنداق ئاتىغان.

لوپئېرىق، لوپ دەرۋازىسى — كورلا شەھىرى تەۋەسىدە. لوپئېرىق ھازىرقى دەۋردە بىر ئۆستەڭنىڭ نامى بولسا، لوپ دەرۋازا 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا كورلا كونا شەھىرىنىڭ بىر دەرۋازىسىنىڭ نامى بولغان.

لوپ جاڭگىلى — كەلپىن ناھىيەسى تومئېرىق تەۋەسىدىكى قۇم بارخانلىرىغا تۇتىشىپ كېتىدىغان، بۇندىن 300 يىللار بۇرۇنقى بىر جاڭگاللىقنىڭ نامى.

لوپ كارىز — پىچان ناھىيەسىدىكى كارىزنىڭ نامى بولۇپ لوپ رايونىدىن چىققانلار قازغان. پىچان ناھىيەسى تەۋەسىدە يەنە لوپ تاغىرى، لوپ پالىسى داڭلىق. پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازىرىنىڭ مۇقام كەنتى (بۇرۇنقى نامى تۆۋەن مەھەللە)نىڭ 2 ـ كەنتى مىرزا مەھەللىسىدە «چارقىلىقلار» دېيىلىدىغان جەمەت بولۇپ چارقىلىقتىن كۆچۈپ بارغانلار ئىكەن. پىچان ناھىيەسىنىڭ لۈكچۈن ۋە دىغارلاردا لوپلۇقلار ئەۋلادلىرىنىڭ يەرلىشىپ ياشاۋاتقانلىقى ھەققىدىمۇ ئۇچۇرلار بار.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى لوپ نامى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئۇچۇرلارنىڭ نېگىزى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بەرى يەنە بىرنى مەنبە قىلغانمۇ ياكى مۇناسىۋەتى يوق جاي نامىلىرىمۇ دېگەن مەسىلە تېخى يېشىلگىنى يوق. مۇشۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئېنىقلاشتا لوپنۇر، چارقىلىق ۋە لوپ ناھىيەلىرىنىڭ تارىخىنى، جۈملىدىن مۇشۇ نامىلارنىڭ قايسى جايدا بالدۇر مەۋجۇتلۇقى، كېيىن كۆرۈلگەن يەر نامىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتى بار ـ يوقلىقىنى ئېنىقلاش تولىمۇ مۇھىم. يۇقىرىقى جايلاردىن لوپنۇر ناھىيەسى بىلەن چارقىلىق ناھىيەسى تۇتاش كەتكەن يۇرتلار بولسا، چارقىلىق ۋە لوپ ناھىيەلىرى بىۋاستە تۇتاشمىسىمۇ يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان قەدىمىي يۇرتلاردىن ھېسابلىنىدۇ. چارقىلىق ۋە لوپ ناھىيەلىرى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، شۇنداقلا تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرق ۋە جەنۇبىي قىسىملىرىغا جايلاشقان.

«شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى .(12) يەر نامىلىرى تەزكىرىسى»دە «لوپ (洛浦) نامى ناھىيە مەركىزى لوپ كەنتىگە تەسىس قىلىنغانلىقتىن كەلگەن... مەنىسى توغرىلىق مۇنداق ئىككى خىل قاراش بار: بىرى، ئۇيغۇرلار دول لوپ دەيدۇ، تاغاق سۆڭىكى دېگەنلىك. ئىككىنچىسى، موڭغۇلچە سۆز بولۇپ مەنىسى سازلىق ياكى سۇ يۇرتى مەنىسىدە بولۇپ لوپ (罗布) نىڭ باشقىچە تەرجىمىسى»[①]، دېيىلگەن.

«شىنجاڭ يەر نامىلىرى قامۇسى»دا لوپ نامىغا «ئۇيغۇرچە سۆز، كۆچۈپ كېلىپ يىغىلىدىغان جاي» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. مۇشۇ نام توغرىسىدا «دول لوپ» دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېسە، يەنە بىر قاراشتا قەدىمكى دەۋردە لوپ كۆلى رايونىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەر مۇشۇ يەرگە يەرلەشكەنلىكتىن «لوپ» دەپ ئاتالغان، دېگەن قاراشمۇ بارلىقى كۆرسىتىلگەن[②].

«خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خەرىتىلىك يەر نامىلىرى تەزكىرىسى»دە خوتەن دەرياسىنىڭ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى بايان قىلىش ئارقىلىق 洛浦 نامىنى لوپنۇر كۆلى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرگەن، ئەمما ھۆكۈم چىقارمىغان[③].

لوپ ناھىيەسىنىڭ نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا خېلى ئۇزۇندىن بېرى بەزى رىۋايەتلەر تارقىلىپ كەلمەكتە. 1885 ـ يىلى لوپ رايونىدىكى ئېكسپېدىتسىيەسىنى تاماملىغان رۇسىيەلىك پىرژېۋالىسكى چىرادىن چىقىپ 40 كىلومېتىرلىق جەزىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، يۇرۇڭقاش بويىغا جايلاشقان سامپۇل بوستانلىقىغا يېتىپ كەلگەن. شۇ قېتىم (خوتەن) لوپتا كۆرگەن، بىلگەنلىرى ئاساسىدا يېزىشىچە، شۇ ۋاقىتتا 15 مەھەللە بولۇپ ئومۇمىي ئاھالىسى 5500 كىشى ئىكەن، لوپ ۋە ھاڭگىيا مەھەللىسىدىكىلەردىن باشقىلىرىنىڭ ماچىنلىقلار ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن ۋە ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا «لوپ كەنتىدىكى ئاھالىلەر لوپ كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى لوپ شەھىرى ۋەيران بولغاندىن كېيىن قېچىپ كەلگەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن»[④]، دەپ يازغان. مۇشۇ رىۋايەتتىن قارايدىغان بولساق يەرلىك خوتەنلىكلەر (ماچىنلىقلار) بىلەن ھاڭگىيالىقلار (رىۋايەتلەردە ئىران رىۋايەتلە-

www.uyghurkitap.com



رىدىكى رۇستەمگە باغلىنىدۇ) ۋە لوپ مەھەللىسىدىكىلەر پەرقلەندۇرۇلگەن. ئېيتماق ھاجەتكى، رىۋايەت مەنبە قىلىنىپ لوپ مەھەللىسىدىكىلەر ئەسلى خوتەنلىك ئاھالىلەردىن پەرقلەندۇرۇلگەن. يۇقىرىقىغا ئوخشاش قاراشلار بىر قەدەر ئومۇمىي چۈشەنچە بولغانلىقتىن كەم دېگەندىمۇ بىر يېرىم ئەسىردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

گومىنداڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى 4 - لۇ شتابى 1945 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تۈزگەن «لوپ ناھىيەسىنىڭ ئەسكىرى ئىشلاردىكى مۇھىم جايلىرى تەزكىرىسى»دىمۇ، 18 -، 19 - ئەسىرلەردە لوپ كۆلى رايونىنىڭ سۈيى ئازلاپ كېتىش، يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقىلىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن ئاھالىلەر يۇرت - ماكانىدىن قېچىپ چىققان، شۇلاردىن بىر قىسمى خوتەن دەرياسى بويىدىكى مۇشۇ يەرگە كېلىپ يەرلەشكەن، ئۇلار ئولتۇراقلاشقان جاي «لوپ كەنتى» دەپ ئاتالغان، دېيىلگەن.

1956 - يىلى شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا لوپ ناھىيەسىدىكى ئاھالىلەر يۇقىرىقىغا ئوخشاش قاراشلارنى بايان قىلغان. ئېيتىلىشچە، 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا لوپ كۆلى رايونىدىكى لوپ، چارقىلىق دېگەن جايلاردا يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغان، مۇشۇ ئېغىر ئاپەتتە نۇرغۇن كىشى ئۆلۈپ كەتكەن، ھايات قالغان يېرىم چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرىدىغان لوپلۇقلار يۇرتىدىن قېچىپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان، ئۇلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ ماڭغان، شۇلاردىن بىر بۆلەك چەرچەن دەرياسىنى ياقىلاپ چەرچەندىن ئۆتۈپ ھازىرقى لوپقا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ شۇ يەردە بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان ۋە لوپلۇقلار مەھەللىسىنى بەرپا قىلغان، بەرپا قىلىنغان مەھەللە «لوپ مەھەللىسى» دەپ ئاتالغان، بۇ كىشىلەردىن بەزىلىرى يۇرتىنى سېغىنىپ قايتىپ كەتكەن[5]، لېكىن مەھەللىنىڭ نامى ئىزچىل ساقلىنىپ كەلگەن.

يۇقىرىقى بايانلار ئاساسەن لوپ ناھىيەسى تەۋەسىدە تارالغان، شۇ يەردىن ئىگەللەنگەن ئۇچۇرلار ئاساسىدا كىتابلارغا، يەنى «لوپ كۆلگە سەپەر» (1885 - يىلى، پىرژىۋالىسكى)، «لوپ ناھىيەسىنىڭ ئەسكىرى ئىشلاردىكى مۇھىم جايلىرى تەزكىرىسى» (1945 - يىللىرى، گومىنداڭ ئارمىيەسى)، «لوپ ناھىيەسىنىڭ خەرىتىلىك يەر ناملىرى تەزكىرىسى» (1956 - يىلىدىكى جەمئىيەت تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدىن ئېلىنغان)، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى (لوپ قىسمى)»[6] قاتارلىق ماتېرىياللارغا كىرگۈزۈلگەن، لوپ ناھىيەسى خەلق مەيدانىدىكى تاش ئابىدىدىمۇ شۇ مەزمۇندىكى بايانلار بار. مۇشۇ خىل رىۋايەتلەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغىمۇ تارقالغان بولۇپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقلىق تاتار تىلشۇناس، ئاكادېمىك ئەدھەم رېھىموۋىچ تېنىشېف 1956 - يىل 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى لوپنۇر ناھىيەسى تەۋەسىدىكى ئويمانكۆلدە 84 ياشلىق ئىسسام كۈنچىققاندىن ئاڭلاپ خاتىرىلىگەن رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «بىر كۆللەر بولىپ ئىزە ئۆششاخ باللار بىر لاقام گەپ تاپاۋالادو: — قايىيا[7] كۆچەمىز، قايىيا كۆچەمىز! دېگەندىن كېيىن چارخلۇغ[8] ئىچىگە ئۆۋا (چەچەك) كىرىپ كېتادو ئىكەن. تولو ئادەم شۇندا ئەلەك بولۇپ كېتادو ئىكەن: ئون ئادەم ئۆلسۆ بىرى ساق قالادو ئىكەن. شۇ ئۆلۈمدىن قوقۇپ يىگىرمى - ئوتتۇز ئائىلې قاچىپ قايىياغا كېتېدىكەن (خوتان تېرەپىدە). قايىياقى ئادامى دۈشمان بولۇدۇ. - يە ئۆلۈرەيلى، يا يوقاتەيلې! دېيدو. شۇ چاقنى ئاتا قۇلۇ تۇگەپ ئۆلۈب كېتەدو. مېنى بوۋام، قۇدويار بابا، ئۇنىڭ داداسى قاراۋاش. شۇ گەپ قاراۋاش باۋادىن ئاڭلاغان گەپ. ئاندىن كېيىن زىزە ئولونو ئۆزۆنۆ بىر قايىيالېق چايغا تەسلىم ئېتەدىكەن. ئولوغو بىر لېگەن قارا ئۈزۈم، بىر لېگەن قوڭگۇز قويۇپ مېيمان قىلادىكەن.

— ئۈزۈمۈ قويۇپ قوڭگۇززۇ يەك! ئولوغو بىر قايىيالىق ئادەم دېيدو. — سىززەرگە ئۈزۈمۈ قوڭگۇززۇ بېرىدو. تۆردۆ قۇلۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، ماڭداقۇلۇنۇ يېگىن! دېيدو. قايىيالىق ئۆز ئارا: قوڭگۇززۇ يېسە، بۇ ئەخمەق ئىكەن، ئۈزۈمۈ يېسە قىلغانىمىززى قىلايلې! دېيدو. مېيمانغا بارىپ ئادەملە قوڭگۇز يېگەن ئىكەن.

قايىيالىق: — بۇلار ئەخمەق خالىق ئىكەن، بۇلانى ئۆز ئىچىمىزگە ئەلالې، يەر - زېمىن بېرېيلى! دېپ ئولور شۇندا ئولتۇرۇپ قالغان ئىكەن. شۇنى بىلە «قوڭگۇز يېگەللە» دەپ تۇپ قاراقوشۇللۇقتاغا لاقام قويغان ئىكەن»[9]

مۇشۇ رىۋايەت 1950 - يىللاردىن يۈز يىللار، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى دەۋرنىڭ ئىنكاسى بولۇشى مۇمكىن. ئۇشبۇ رىۋايەتنىڭ بىر قانچە ۋارىيانتى بار بولۇپ، بەزىلىرىدە كېرىيە نامى تىلغا ئېلىنمىغان، بەزىسى سودا ئىشىدا كەلگەنلەرنىڭ ئەقىل سىناشقا ئىشلەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ، ئۇشبۇ رىۋايەتنىڭ ۋارىيانتى دولانلاردىمۇ بارلىقى مەلۇم[10]. مانا مۇشۇلاردىن كۆرۈمىزكى، ئەينى ۋاقىتتا بىر تۈركۈم ئاھالە خوتەن رايونىغا كۆچۈپ بارغان. خۇددى لىرىك شائىر قەلەندەر 1795 - يىلى:

جەھان ئىچرە خوتەننىڭ شەھرىدۇر تاق،
ئېرۇر خەلقى مۇسافىرلارغا ئامراق.
ئۇلۇغى ھەم كىچىك خەلقى مۇسۇلمان،
سۆيۇنۇر ئۆيلەرگە كىرسە مېھمان.

دەپ يازغىنىدەك بېشىغا كۈن چۈشۈپ يۇرتىغا بارغان لوپلۇقلارغا سايىۋەن بولغان خوتەن خەلقى، ئۇلارنى ئۆز باغرىغا ئېلىپ بىرگە ياشاپ يۇرتنى گۈللەندۈرۈپ كەلگەن. ناۋادا مۇھەممەد سىدىق زەلىلى «سەپەرنامە»دە يازغان مىسرالىرىدىكى بايان يىلىنى يىل ئۆلچىمى قىلىشقا بولسا، لوپلۇقلارنىڭ خوتەنگە كۆچۈپ كەلگەن ۋاقتى 1718 - يىلىدىن بۇرۇن بولىدىغانلىقىدا شۈبھە قالمايدۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

سەير قىلىپ كۆھنە يۇرۇن قاشىنى،
لوف دېگەن مەردۇمى ئەۋباشىنى.
لوفدىن ئۆتۈپ تېز رەۋان يول بىرلە،
يولچى بىلەۋۇ كولى ھەم دول بىلە.
دولدىن ئۇيان خار مۇغىلەن ئىكەن،
چۆل جەزىرەۋۇ بەيابان ئىكەن.

دېگەن مىسرالىرىدىكى «لوپ» ئەنە شۇ كۆچۈپ كەلگەن ئاھالىدىن كەلگەن بولسا (بۇ مەسىلىنى چوڭقۇرلاپ تەھقىقلەش زۆرۈر)، لوپلۇقلارنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ شەرقىدىن بۇ يەرگە كېلىشى شەكسىزكى مۇشۇ داستان يېزىلغان 1718 - يىلىدىن بۇرۇن بولۇپ چىقىشى مۇمكىن، بۇ توغرىدا چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىش زۆرۈرىيىتى بار.

ئەمدى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدىكى «لوپ» نامىغا كەلسەك، 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە. دەسلەپكى تەتقىقاتلىرىمىزغا ئاساسلانغاندا ھازىرقى چارقىلىق ناھىيە ۋاشەھىرى بازىرىنىڭ يەتتە كىلومېتىر غەربىدىكى قەدىمكى شەھەر مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ نوپ - لوپ ياكى ناپ - لاپ دەپ ئاتالغان. خەنزۇچە تارىخي مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن 纳职، 弩支،羌婼 نامىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چارقىلىق ناھىيەسىنىڭ مۇران كونا شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان مىلادىيە 8 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق تىبەتچە يازمىلاردا nob نامى كۆپ كۆرۈلىدۇ. تاڭ راھىبى شۈەنزاڭ ھىندىستانغا نوم ئالغىلى بېرىپ قايتىشىدا خوتەن، چەرچەن ئارقىلىق 644 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى چارقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدىن ئۆتۈپ پايتەخت چاڭئەنگە قايتقان. شۈەنزاڭنىڭ ئېغىز بايانىغا ئاساسەن شاگىرتى خاتىرىلىگەن «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» بارلىققا كەلگەن. شۇ دەۋردە يەنە ئاچارى خۇيلى تەرىپىدىن «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى» يېزىپ چىقىلغان. شۈەنزاڭنىڭ بايانىدا «شۇ يەردىن شەرققە 600 چاقىرىمدىن ئارتۇق يۈرۈپ سارمادان (折摩驮那) قەدىمكى ئېلىگە يەنى دىربار (沮末) دېگەن يەرگە كەلدۇق... بۇ يەردىن شەرققە مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق يۈرۈپ 纳缚波 قەدىمكى ئېلىگە كەلدۇق، بۇ كىروران (楼兰) دۆر»[①]، دېيىلگەن. 10 - ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا ئالىمى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى»نى قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا تەرجىمە قىلىپ چىققان. رۇسىيەلىك ئالىم ل. يۇ. توگۇشېۋا «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى»نىڭ ترانسكرىپسىيەسى ۋە تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن. ئۇ مۇناسىۋەتلىك جۈملىلەرنى مۇنداق ترانسكرىپسىيە قىلغان: «ئانتىران يانا ئالتى يۈز بەرە يىر يورىپ سارمادان بالىققا تەگدى. بۇ سارمادان بالىق دىربار ئاتلىغ يىر تىتىر. مۇنۇڭ ئۆڭدۈن تاغدىن بۇلۇڭدىن يانا مىڭ بەرە يىر يورىپ نوپقا تەگدى. نوپ ئەرسەر لۇلان ئاتلىغ يىر ئەرۈر»[②]. يۇقىرىقى مەنبەلەردە ئېيتىلغان سارمادان ھازىرقى چەرچەن ناھىيەسى تەۋەسىنى كۆرسىتىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپتۇمىزكى، 10 - ئەسىردە بۇ نام نوپ دەپ قوللىنىلغان، لېكىن 13 - ئەسىردە ئۆزگىرىش بولغان. 1275 - يىلى چەرچەندىن يولغا چىقىپ بەش كۈن يول يۈرۈپ لوپ (LOP) شەھىرىگە بارغان ماركوپولو بۇ شەھەر توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرغان. 1286 - يىللىرىدىكى ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا 罗卜 راباتى تەسىس قىلىنغانلىقى خاتىرىلەنگەن. ئۇيغۇر تارىخشۇناسى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كۆرەگان 1541 - يىللىرىدىن 1546 - يىللىرىغىچە بولغان ۋاقىتتا يازغان «تارىخى رەشىدى»دە لوپ. كاتاك ۋە لوپ (لوف)، كاتاك (كتك) نامىلىرىنى كۆپ قېتىم بايان قىلغان ۋە بۇلارنىڭ تارىمنىڭ شەرقىدىكى رايون ھەم شۇ رايوندىكى شەھەرلەرنىڭ نامى ئىكەنلىكىنى خاتىرىلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى ماتېرىياللاردا جۈملىدىن 18 - ئەسىردىكى رىنارتنىڭ خەرىتەسى، ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ ئەسەرلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ چاغاتاي يېزىقىدىكى ئەسەرلىرى («ئەمىر ئالى»، «تارىخى ھەمىدى»...( قاتارلىقلاردا «لوف» (رىنارتنىڭ خەرىتىسىدە «لەپ»( تىلغا ئېلىنغان. 1960 - يىلىدىن باشلاپ ئەسلىدىن يەرلىك خەلق تەرىپىدىن «كۆنچى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ناھىيەنىڭ نامى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ «لوپنۇر ناھىيەسى» قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن «لوپنۇر ناھىيەسى» دېگەن نام ئومۇملاشتى.

يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىدىكى ئىككى يۇرتنىڭ نامىنىڭ «لوپ» بولۇشى بۇ توغرىدا كۆپرەك ئىزدىنىشكە دەۋەت قىلىدۇ، ماتېرىياللارنىڭ كەمچىل بولۇشى سەۋەبلىك كەسكىن ھۆكۈم چىقىرىشقا ئىمكانىيىتىمىز بولمىسىمۇ ھازىرقى چەكلىك ئۇچۇرلىرىمىز ئاساسىدا يەڭگىللىك بىلەن ھۆكۈم چىقىرىپ تۇرىمىز، شۇ سەۋەب بىرلە ئىزدىنىشلەر

داۋامدا بۇ نامىلارنىڭ ھەقىقىتى ئايدىڭلاشسا ئەجەب ئەمەس. خوتەن ۋىلايىتىدىكى لوپ ناھىيەسىنىڭ لوپ نامىنىڭ قاچاندىن بېرى قوللىنىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يازما ئۇچۇر قولۇمدا يوق ۋاقىتتا ئېھتىيات بىلەن پىكىر قىلماي چارىمىز يوق، ئەمما18 - ئەسىرلەردە تارىمنىڭ شەرقىدىكى لوپتىن بىر تۈركۈم ئاھالە كېرىيەگە قېچىپ بارغان ھەم شۇ يەردىكى خەلقنىڭ قوبۇل قىلىشى بىلەن يەرلەشكەن. كۆچۈپ كەلگەن ئاھالە ئولتۇراقلىشىپ، شۇ يەردىكىلەردىن دېھقانچىلىقنى ئۆگەنگەن، ئۇلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان مەھەللە «لوپ مەھەللىسى» دەپ ئاتالغان.

1908 - يىلى تۈزۈلگەن «لوپ ناھىيەسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى»دە «گۇاڭشۇنىڭ 29 - يىلى (مىلادىيە 1903 - يىلى) خوتەننىڭ 38 كەنتىنى ئايرىپ، لوپ ناھىيەسى تەسىس قىلىنغان... خوتەن بىۋاسىتە قاراشلىق ئايمىقىنىڭ شەرقىي چېگراسى بولغان يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى 15 كەنت، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ غەربىي چېگراسى بولغان ئېقىن لەڭگەر[13]نىڭ غەربىدىكى 23 كەنتنى ئايرىپ ناھىيە تەسىس قىلىنغان. لوپ كەنتى بازىرىدا ناھىيە يامۇلى سېلىنىپ، بىر ئامبال، بىر پاششاپ بەگ قويۇلۇپ، خوتەن ئايماق مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولغان...»[14]. مۇشۇ تەزكىرىدە يەنە «لوپ بازىرى — يەنى ھازىرقى ناھىيە مەركىزى كېرىيە ناھىيەسىدىن ئايرىپ بېرىلگەن»، دەپ كۆرسىتىلگەن. 1903 - يىلى خوتەننىڭ شەرقىي چېگراسى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى 15 مەھەللە، كېرىيەنىڭ غەربىي چېگراسىدىكى ئېقىن لەڭگەرنىڭ غەربىدىكى 23 مەھەللە دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان لوپ ناھىيەسىنى تەسىس قىلغان، ناھىيە مەركىزى لوپ مەھەللىسىدە تەسىس قىلىنغانلىقتىن لوپ ناھىيەسى دەپ ئاتالغان. لوپ ناھىيەسىدە 2015 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق، موڭغۇل، تىبەت... قاتارلىق 12 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 287 مىڭ 600 ئاھالە ئىناق - ئېجىل ياشاۋاتىدۇ، بۇ ئاھالىنىڭ98% نى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلىدۇ. گەرچە ھازىر پۈتكۈل لوپ ناھىيەسىدىكى ئاھالە ئۆزىنى «لوپلۇق» دېسىمۇ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن پەرق قىلىدۇ، شۇڭا تارىمنىڭ شەرقىدىن كەلگەن لوپلۇقلار ئەينى ۋاقىتتىمۇ شۇ يەرنىڭ نوپۇسى ئىچىدە ئاز نىسبەت ئىگىلىگەن، 1903 - يىلى ناھىيە تەسىس قىلىنغاندا ناھىيە يامۇلى شۇ ئاز سانلىق كىشىلەرنى مەركەز قىلغان لوپ مەھەللىسىگە سېلىنغانلىقتىن ئۇلارنىڭ «ئامەت»ى كېلىپ مەھەللىسىنىڭ نامى ناھىيەنىڭ نامى بولۇپ قالغان.

---

① ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. يەر نامىلىرى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. يەر نامىلىرى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2011 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 92 - بەت.

② شىنجاڭ يەر نامىلىرى قامۇسىنى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزگەن: «شىنجاڭ يەر نامىلىرى قامۇسى»، جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى 2012 - يىلى خەنزۇچە نەشرىياتى، 212 - بەت.

③ «خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خەرىتىلىك يەر نامىلىرى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش ھەيئىتى: «خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خەرىتىلىك يەر نامىلىرى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2009 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 167 - بەت.

④ پىرژىۋالىسكى: «لوپ كۆلىگە سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 219 - بەت.

⑤ لوپ ناھىيەلىك يەر نامىلىرى كومىتېتى تۈزگەن: «لوپ ناھىيەسىنىڭ خەرىتىلىك يەر نامىلىرى تەزكىرىسى»، 1986 - يىلى خەنزۇچە باسمىسى، 1 - بەت.

⑥ يالقۇن ياقۇپ تۈزگەن: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى (لوپ قىسمى)»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2011 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - بەت.

⑦ كېرىيە نامىنىڭ ‹كىيا› دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشى ۋە لوپلۇقلار «قايىيا» دەپ قوللانغان بولسا كېرەك.

⑧ چارۇخلۇغ - چارقىلىق نامىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتىدا تەلەپپۇز قىلىنىشى بولۇشى مۇمكىن.

⑨ ئەدھەم رېھىموۋىچ تېنىشىف: «ئۇيغۇرچە تېكىستلەر»، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى «نايكا» (پەن) نەشرىياتى 1984 - يىلى رۇسچە نەشرى،135 - بەتتىكى ئوقۇلغۇسىدىن.

⑩ ئادىل مۇھەممەت، مۇتەللىپ سىيىت تۈزگەن: «ئۇيغۇر دولان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى (مەكىت قىسمى)«، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2009 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 13 - بەت.

⑪ شۆەنزاڭ: «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، يېلۇ نەشرىياتى 1999 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 702 - بەت.

⑫ ل. يۇ. تۇگۇشېۋا: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹شۆەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى›»، موسكۋا پەن نەشرىياتى 1991 - يىلى نەشرى، 95 - بەت.

⑬ بۇ نام خەنزۇچە ماتېرىياللاردا 乙根 دېيىلگەن. «خوتەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»(1986) دە ياقا لەڭگەر، «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار(19)»غا كىرگۈزۈلگەن «لوپ ناھىيەسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى»دە «يىكەن لەڭگەر» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. شىي بىنىنىڭ «شىنجاڭغا ساياھەت»(1990) دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا «ئېقىن لەڭگەر» دەپ ئېلىش مۇۋاپىق، بۇندىن شۇنداق ئېلىنىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

⑭ ما داجېڭ، خۇاڭ گوجېڭ، سۇ فېڭلەن رەتلىگەن: «شىنجاڭدىكى يۇرتلارنىڭ تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2010 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 402 - بەت.

(ئاپتور: چارقىلىق ناھىيەلىك پوچتا تېلېگراف ئىدارىسىدە)

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى

ئېلخەت: kvlpiti@126.com



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئەجدادلاردىكى هايۋانات، دەل ـ دەرەخ ، نان ۋە تۇزنى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسى

◉ ئىلهام مۇھەممەد

## 1 . هايۋانات ۋە قۇشلارغا چوقۇنۇش ئەقىدىسى

هايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلارغا، دەل ـ دەرەخ ، ئۆسۈمـ
لۈكلەرگە چوقۇنۇش هادىسىسى دۇنياۋى ئومۇمىيلىققا ئىگە
بولغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكىللىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىزنالىرى
هەرقايسى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ئوخشىمىغان شەـ
كىلدە ئىپادىلىنىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئەڭ دەسلەپ تەبىئەتكە
چوقۇنغان، تەبىئەتكە چوقۇنۇش تەرەققىي قىلىپ، تۇتېمغا چوـ
قۇنۇش كېلىپ چىققان. توتېم ــ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ
بۇرۇن پەيدا بولغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكلى، شۇنداقلا ئىنـ
سانىيەتنىڭ بارلىق مەدەنىيەت هادىسىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ
ئالاهىدە مەدەنىيەت هادىسىسى. ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار
ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەجدادلىرىمىز
شامانىزم دەۋرىدىن باشلاپلا بۆرە، ئېيىق، قاپلان، ئىت، شىر،
يولۋاس، ئات، كالا، قوي، بۇغرا (تۆگە)، تاغ تېكىسى، بۇغا،
بېلىق، شۇڭقار، قارچىغا، لاچىن، كەپتەر، قارلىغاچ، ئاق قۇ قاـ
تارلىق هايۋانات، ئۇچار قاناتلارغا چوقۇنغان. كېيىنكى
تاللاش، شاللىنىشلاردىن كېيىن ئۇيغۇرلاردىكى توتېم ئوبيېكتى
بۆرىگە مەركەزلەشكەن. ئەجدادلىرىمىزدا هايۋاناتلار، ئۇچار
قاناتلار، دەل ـ دەرەخلەر ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنۇش ئاساـ
سىدا توتېم پەيدا بولغانلىقى هەققىدە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلـ
مىلار، يازما ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن مۇھىم ئۇچۇرلار، مول
مەنبەلىك ئەپسانە ـ رىۋايەت، چۆچەك ـ داستانلار بار. ئاپتوـ
نوم رايونىمىزدا هايۋاناتلار، ئۇچار قاناتلار، دەل ـ دەرەخ،
ئۆسۈملۈكلەرگە باغلىنىشلىق يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ كۆپ بوـ
لۇشى ئەجدادلىرىمىزدا قەدىمدىن تارتىپ مۇشۇ خىل شەيئىلەرگە
چوقۇنۇش ئادىتىنىڭ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. چەرچەن زاـ
غۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىن بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى
دەۋرگە ئائىت قەبرىدىن ئاخىرەتلىك بۇيۇملار قاتارىدا ئوۋ
قوغلاپ كېتىۋاتقان بۆرە سۈرىتى ئويۇلغان تارغاقنىڭ تېپىلغاـ
نلىقى بۇنىڭ دەلىلى. ئەجدادلارنىڭ هايۋانات ۋە قۇشلارغا چوـ
قۇنۇش، ئۇلۇغلاش ئەقىدىسىنىڭ ئىز ـ قالدۇقلىرى خەلق ئېـ
غىز ئەدەبىياتى، يازما ئەدەبىيات مەنبەلىرىمىزدە، شۇنداقلا
بۈگۈنكى تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزدە گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.
خەلق چۆچەك ـ داستانلىرىدا سۇمرۇغ تەگدىشى يوق باتۇر
قۇش سۈپىتىدە ئوبرازلاشتۇرۇپ تەسۋىرلىنىدۇ. لوپنۇرنى مەرـ
كەز قىلغان قاراقۇرۇم ئېتەكلىرىدىكى چارقىلىق، چەرچەن، نىـ
يە، كېرىيە قاتارلىق جايلاردا ئوۋچىلار «بۆرە يوق يەردە
چارۋا ـ مال ئاينىمايدۇ» دېگەن ئەقىدە بويىچە ئاسانلىقچە بۆـ
رە ئۆلتۈرمەيدۇ؛ «يامان كۆزلەردىن ساقلايدۇ، قارا باسمايدۇ»
دېگەن ئەقىدە ئاساسىدا بۆرە ئوشۇقى بوۋاقلارنىڭ پوسمىسىغا
تىكىپ قويۇلىدۇ، بۆشۈككە ئېسىپ قويۇلىدۇ؛ چوڭلار يېڭى
تۇغۇلغان بوۋاقنى «ئوغۇلمۇ، قىزمۇ» دەپ سوراشنىڭ ئورنىغا
«بۆرىمۇ، تۈلكىمۇ» دەپ سورايدۇ؛ سەپەرگە چىققانلار «تۇغرا
كەلگەن بالا ـ قازادىن ساقلايدۇ، قەست ئۆتمەيدۇ» دەپ يېنىـ
دا بۆرە ئوشۇقى ئېلىپ يۈرىدۇ؛ سەپەردە ئالدىغا بۆرە ئۇچـ
رىسا «سەپىرىم ئاق يوللۇق بولىدىغان بولدى» دەپ سەپىرىنى
داۋاملاشتۇرىدۇ. تۈلكە ئۇچرىسا «سەپىرىمدە بىرەر كۆڭۈلـ
سىزلىك يۈز بېرىدىغان بولدى» دەپ سەپىرىنى توختىتىپ،
سەپەر ۋاقتىنى كېيىنكىگە سۈرىدۇ؛ بەزى جايلاردا ئاياللارنىڭ
تۇغۇتى قىيىن كەلگەندە «جىن ـ ئالۋاستىلار چىپىلىپ ئال باسـ
تى» دەپ شۇ ئۆيگە قۇش (بۈركۈت) قويۇپ بېرىلىدۇ؛ ئوۋـ
چىلارنىڭ ئوۋ قۇشى مەلۇم ئادەمگە ئېتىلسا شۇ ئادەم «جىنلىق
ئادەم» دەپ قارىلىدۇ؛ قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئۆي «قۇتلۇق
بولىدۇ» دەپ قارىلىپ پېشايۋانلارغا ئۇۋا ياسىشى ئۈچۈن ئوـ
ڭايلىق يارىتىپ بېرىلىدۇ. «يىلان يىللىق ئادەم بار ئۆيگە قارـ
لىغاچ كىرمەيدۇ»، «قارلىغاچ بالىسىنى تۇتسا قولى تىترەيدىغان
بولۇپ قالىدۇ» دەپ قارىلىدۇ.

ئات ـ ئۇلاغ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا،
چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى، قاتناشـ
ئالاقە، هەربىي ئىشلاردا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان،شۇنـ
داقلا كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى مۇھىم ئوزۇقلۇق ۋە كىيىمـ
كېچەك مەنبەسى بولغان. يول ـ قاتناش ئىشلىرى تەرەققىي
قىلغان بۈگۈنكى كۈندە خەلقىمىز ئات ـ ئۇلاغدىن يىراق ـ يېـ
قىن سەپەرلەردە قاتناش قورالى سۈپىتىدە، تەنتەربىيە هەم كۆـ
ڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە مۇھىم ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلىنىپ
كەلمەكتە. «ئىرىق بىتىك» دە ئات، كالا، قوي، بېلىق، بۇلـ
بۇل، كەپتەر (دەمدەر)، تورغاي، قارلىغاچ، لاچىن قاتارلىق
قۇشلار ئومۇمەن ياخشىلىق، بەخت، ئامەتنىڭ بېشارىتى قىلىنـ
غان. مەسىلەن، «ئات يۈگۈرتۈپ چۈش كۆرسە، مۇرادىغا يېـ
تەر»، «قوي پادىسى كۆرۈپ چۈشسە باي بولۇر»؛ ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرىدىن ئىلى، تۇرپان، قۇمۇل ئۇيغۇرلـ
رى ئارىسىدا بۈگۈنگىچە ئېيتىلىۋاتقان «ئاق بوز ئات» ناملىق
ناخشىدىكى ئاق بوز ئات ئوبرازى كۆز ئالدىمىزدا باتۇرلۇقـ
نىڭ، كۈچلۈك ياردەمچى ھەمراھىنىڭ، ئىشەنچ ـ ئۈمىدىنىڭ
سىمۋولى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ؛ خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى قاـ
رىشىدا «ئات جەڭگە، بەيگىگە يارىتىلغان» دەپ قارىلىپ، ئات
بىزۆرۈر ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. ئات گۆشى قوي، كالا گۆشىدەك كۆپ
ئىستېمال قىلىنمايدۇ؛ ئاتنىڭ باش سۆڭىكى ئابىدە ئورنىدا
قەبرىستانلىقلارغا، كۆز تەگمەيدۇ دەپ باغۋاران، ئېتىزلىقلارغا
ئېسىپ قويۇلىدۇ؛ ئومۇمەن ئۇيغۇر خەلق ناخشاـ قوشاقلىرىدا
كالا ئىشچانلىق، مۇلايىملىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلـ
نىدۇ. تىل ئادىتىمىزدە «ئوبدىنى كالا، يامىنى توڭگۇز» دېگەن
ماقال بار. ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئۆپكىسى تېشىلىپ كەتكەن بىمارـ
نىڭ ئېشەك سۈتى ئىچىش زۆرۈرىيىتى بولغاندا، سىمۋوللۇق
مەنىدە «كۆك ئىنەكنىڭ سۈتى» دەپ ئاتىلىدۇ؛ قەبرىستانلىقـ
تىكى خادىلارغا قوتاز قۇيرۇقى ئېسىپ قويىدىغان ئادەت ھاـ
زىرغىچە داۋاملاشماقتا؛ قوي خەلقىمىزنىڭ ئېڭىدا ئامەت ـ
بەختىنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلگەن بولۇپ، تىل ئىستېمالىمىزدىـ
كى «سۆلەت تۆگىدە، ھىممەت قويدا» دېگەن ماقال بىلەن
«ئەتىگەندە قوي ئۇچرىسا ئامەت كېلىدۇ» دېگەن ئەنئەنىۋى
قاراش شۇ ئەقىدە ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن؛ خەلقىمىزنىڭ
ئەنئەنىۋى قارىشىدا جانـ جانىۋارلارنىڭ ئالدىدا تەرەت قىـ
لىش، ئېغىل ـ قوتانغا ھاجەت قىلىش، ئۇلاغ باغلايدىغان ئارـ
غامچىدىن ئاتلاش، مال پادىسىنى يېرىپ ئۆتۈش، ھايۋانلارنى،
بولۇپمۇ قوينى ئۇرۇش، جان ـ جانىۋارلارنى قىيناش، ئادەمـ
گە زىيانسىز جانـ جانىۋارلارنى ئۆلتۈرۈش «يامان بولىدۇ»
دەپ قارىلىدۇ؛ «قارلىغاچ ئۇۋىسى ياسىغان ئۆي قۇتلۇق بولـ
دۇ»، «يىلان يىللىق ئادەم بار ئۆيگە قارلىغاچ كىرمەيدۇ»،
«ئۈچار قۇشلارنى قەپەسكە سولاپ قويسا، يامان بولىدۇ» دەپ
قارىلىدۇ. تىل ئىستېمالىمىزدا «ئاتنى ئاتاڭ ئورنىدا كۆر»،
«ئاتلىق — ھاياتلىق»، «ئەر قانىتى ئات»، «ئات ياتقا كىشـ
نىمەس»، «ئاتنىڭ بېشىغا ئۇرغۇچە، ئاتاڭنىڭ بېشىغا ئۇر»،
«كالا كۆك چۆپ يەپ، ئاق سۈت بېرەر»، «كالىنىڭ مۈڭگۈـ
زىگە ئۇرسا، تۇۋىقى سىرقىرار»، «كالا گۆشىسىز مانتا ئوخشـ
ماس، مانتىغا قوي گۆشى توشماس» قاتارلىق ماقال ـ تەمـ
سىللەر دائىم قوللىنىلىدۇ.

«ئىرق بىتىك» دە «بۇلبۇل كۆرۈپ چۈش كۆرسە، بالىسى
نەغمىچى بولۇر» دېيىلىپ، بۇلبۇل ياخشىلىق ھەم ئامەتنىڭ
بەلگىسى قىلىنغان. تىل ئادىتىمىزدە «بۇلبۇلغا باغ ياخشى،
كەكلىككە تاغ»، «بۇلبۇل باھارنى سۆيەر، ئادەم ۋەتەننى»،
«بۇلبۇل چۆلدىن بوستانغا ئۇچار»، «بۇلبۇل گۈلسىز سايرىـ
ماس، ناخشا ئىشقسىز ياڭرىماس»، «بېلىقنىڭ پەيزى سۇ بىـ
لەن، بۇلبۇلنىڭ پەيزى گۈل بىلەن»، «بېلىق ئۆلسە سۇدا
قالار، بۇلبۇل ئۆلسە باغدا» قاتارلىق بۇلبۇل ھەققىدىكى ماقال ـ
تەمسىللەرنىڭ كۆپ ئىستېمال قىلىنىشى، ئەنئەنىۋى تەسۋىرىي
ۋاستىلەردە سۆزى يېقىملىق خۇش ئاۋاز كىشىلەر بىلەن خۇش
ئاۋاز ناخشىچىلارنىڭ «بۇلبۇلدەك ئاۋازى»، «خۇشناۋا بۇلـ
بۇل»، «شىنجاڭ بۇلبۇلى» دېگەن سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلىنىشى
ئەجدادلىرىمىزدىكى بۇلبۇلنى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسىنىڭ ئىنكاسى.

ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى
ئەجدادلىرىمىزدا بېلىقنى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسىنىڭ قەدىمىلىككە
ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. چەرچەن زاغۇنلۇق قەبرىستانلىـ
قىدىن قېزىۋېلىنغان سېرىق رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىغا بېلىقلارنىڭ
بىرىگە قارىمۇ قارشى ھالەتتە تۇرغان قىياپەتلىرى گۈل
نۇسخا ئورنىدا توقۇپ چىقىرىلغان. «ئىرق بىتىك» دە «بېلىق
تۇتۇپ چۈش كۆرسە ھالالدىن رىزقى كۆپ بولۇر» دېيىلىپ،
بېلىق ياخشىلىق، ئامەت، بەختىنىڭ بەلگىسى قىلىنغان. تىل ئاـ
دىتىمىزدە «بېلىقنىڭ رىزقى سۇدا»، «سۇدا بېلىق ئاداشـ
ماس»، «بېلىقنىڭ ئۆزى سۇدا، كۆزى سىرتتا»، «بېلىق سۇدىن
ئايرىلماس، باتۇر ئەلدىن»، «شور كۆلنىڭ بېلىقى تاتلىق»،
«قۇدۇق سۈيىدە بېلىق بولماس»، «يۇلغۇن چۆلدە ئايىنىدۇ،
بېلىق كۆلدە ئايىنىدۇ» قاتارلىق بۇلاق ھەم بېلىققا باغلىنىشلىق
ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ۋە «ئالتۇنبېلىق»، «خاسىيەتلىك بېـ
لىق»، «بېلىق كۆزىدەك»، «بېلىق كۆزى قىلىپ» قاتارلىق
ئادەت سۆزلىرىنىڭ كۆپ ئىستېمال قىلىنىشى ئەجدادلىرىمىزـ
دىكى بېلىقنى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسىنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراشقا
بولىدۇ. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدە بېلىق
قەدىمدىن تارتىپ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق گۆش يېمەكلىكى
بولۇش بىلەن بىرگە بېلىقچىلىق ئەڭ ئاساسلىق ئىگىلىك شەكىلـ
لىرىدىن بىرى بولغان. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ توي ـ تۆكۈن
ئادەتلىرىدە توققۇز دانە بېلىقنىڭ بېشىنى پىشۇرۇپ قىز تەرەپـ
كە داستىخان ئاپىرىش ئادىتى 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىلـ
لىرىغىچە داۋاملاشقان. شۇ سەۋەبتىن، باشقا رايوندىكى ئۇيـ
غۇرلارغا قارىغاندا لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا بېلىق ھەم بېـ
لىقچىلىق مەزمۇن قىلىنغان ناخشا ـ قوشاق، چۆچەك ـ داستانلار
كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. تۇرمۇشىمىزدىكى بۇ ئادەت ـ قاـ
راشلارنىڭ ھەممىسى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھايۋانات، ئۈچار قاـ
ناتلارغا چوقۇنۇش ئەقىدىسىنىڭ مەھسۇلى.

**2. دەل ـ دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنۇش ئەقىدىسى**

ئارخېئولوگىيەلىك بايقاش ۋە يازما مەنبەلەرگە قارىغاندا
ئەجدادلىرىمىز شامانىزم دەۋرىدىن باشلاپلا توغراق، سۆگەت،
تېرەك، چىنار، ئۈجمە، چىلان، چاكاندا قاتارلىق دەرەخ ۋە
ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇلۇغلاپ ئۇنىڭغا چوقۇنغان. كۆنچى دەرياسىـ
نىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى بۇنىڭدىن 3800 يىللار ئىلگىرىكى كىـ
چىك مۇرەن قەبرىستانلىقىدىن ئاخىرەتلىك بۇيۇملار قاتارىدا

چاكاندا چىققان. «ئاق بوز ئات» چۆچەكىدە كۆچمەس باينىڭ شەرتىدىكى «چارباغنىڭ ئالدىدا ئىككى تۈپ چىنار دەرەخ قەد كۆتۈرۈپ تۇرسۇن» دېگەن تەپسىلات بار. بۇلار بىزگە قەدىمكى ئەجدادلاردا دەل - دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنۇش ئەقىدىسىنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەل - دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادى بىلەن باغلىنىشلىق ئادەتلەر بۈگۈنكى تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزدە كۆپ ئۇچرايدۇ. بوۋاق تۇغۇلۇپ قىرىق كۈن بولغاندا بۆشۈككە سېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ ئەجدادلار ئۆگۈتلىرىدە «ئوتتۇن ئۇۋۇقى نان ئۇۋۇقى بىلەن باراۋەر»، دەپ قارىلىدۇ؛ دەل - دەرەخ سېلىش، كۆكەرتىش ساۋاپ ئىش دەپ قارىلىدۇ، ئۈجمىنى خاسىيەتلىك دەرەخ ھېسابلاپ «ئۈجمە قويۇش ساۋابلىق» دېگەن ئەقىدە بويىچە ھەربىر ئائىلىدە ئىمكانىيەت بولسىلا ئۈجمە ئۆستۈرۈلىدۇ؛ ئورمانلارنى، باغلارنى ۋەيران قىلغانلار قارغىشقا كېتىدۇ دەپ قارىلىدۇ؛ دەل - دەرەخلەرنى، بولۇپمۇ مېۋىلىك دەرەخلەرنى بىزۆرۈر كېسىش، قۇرۇتۇۋېتىش، قوۋزىقىنى سەۋەبسىز سويۇش، شېخىنى بىزۆرۈر سۇندۇرۇش، چېچەكنى ئۈزۈش يامان ئېلىنىدۇ؛ ياش نوتا دەرەخلەرنى بىزۆرۈر كەسسە، ياش ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئۆمرى كوتا بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارىلىدۇ؛ باغ - ۋاران، ھويلا - ئاراندىكى مېۋىلىك دەرەخ قۇرۇپ كەتسە، شۇ ئائىلىگە پىشكەللىك كېلىدۇ، ئۆي ئىگىسى قازاغا يولۇقىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. قەبرىستانلىق ئەتراپى ۋە قەبرە ئالدىغا يۇلغۇن، توغراق، جىگدە، ئۈجمە، چۇچۇن قاتارلىق دەرەخلەر ئۆستۈرۈلىدۇ؛ قەبرىستانلىق ئەتراپىدىكى دەرەخلەر، قېرى ئۈجمە، ئەنجۈر، تېرەك، سۆگەت قاتارلىق دەرەخلەرنى خاسىيەتلىك دەرەخ دەپ ئۇلۇغلاپ، ئۇلارنى كەسمەيدۇ، ئەگەر ئۇلاغلىق بولسا، ئۇلاغدىن چۈشۈپ ماڭىدۇ؛ «ئىگىلىك يەر» (جىنلار ماكانلاشقان يەر) دىكى دەرەخلەر، خىلۋەتتە ئۆسكەن يالغۇز دەرەخ «شەپىلىك دەرەخ» دەپ قارىلىپ، ئۇلارنى كەسسە كەسكۈچىنىڭ پۇت - قولى سەزمەس بولۇپ قالىدۇ دەپ قارىلىدۇ. شۇ خىل دەرەخلەرنىڭ ئەتراپىدا مېڭىپ يۈرۈشتىن ئېھتىيات قىلىنىدۇ؛ گۈللەرنى «بېھىشتىن چىققان، پەيغەمبەرنىڭ ھىدى بار، ئۇنى توزىتىۋەتسە، بەختى توزۇپ كېتىدۇ» دەپ قاراپ گۈلنى خالىغانچە تاشلاشتىن، دەسسەپ چەيلەشتىن پەرھىز قىلىدۇ؛ تەبىئي ئۆسكەن دورىلىق، چايلىق ئۆسۈملۈك، گۈل - گىياھلارنى ئىشلىتىش بىلەن بىرگە دورىلىق، چايلىق بەزى ئۆسۈملۈك، گۈل - گىياھلارنى باغ - ۋاران، ھويلا - ئارانلىرىغا تېرىپ ئۆستۈرۈپ، ئۇلاردىن دورا، چاي ھەم چاي دورىسى ئورنىدا پايدىلىنىدۇ. چاي ۋە چاي دورىلىرىنى مەخسۇس كەشتىلەپ ئىشلەنگەن، تامغا ئېسىپ قويۇلىدىغان چاي خالتىسىدا ياكى مەخسۇس چاي قۇتىلىرىدا ساقلاپ ئىشلىتىش ئادىتى ئائىلىلەردە ئومۇملاشقان. زىرائەت، يۇمران ئوت - چۆپلەرگە تەرەت قىلىش، دەسسەپ - چەيلەش، بىزۆرۈر يۇلۇپ تاشلاش قىلمىشلىرىنى سادىر قىلغۇچىلار «يورۇقلۇقتىن مەھرۇم بولىدۇ» دەپ قارىلىدۇ. شامان دىنىدىن قالغان «ئالما يامان روھلاردىن خالىي خاسىيەتلىك دەرەخ» دېگەن ئەقىدە بويىچە جىن - ئالۋاستىلارغا قارشى بالىلارنىڭ بۆشۈكى ئاستىغا، ئۆينىڭ بۇلۇڭ (بۇرجەك) - پەۋالىرىغا ئالما قېقىدا، ئادراسمان ياكى چاكاندىدا ئىسرىق سېلىنىدۇ؛ «يامان كۆزلەرنى ياندۇرىدۇ» دېگەن ئەقىدە بىلەن بالىلارنىڭ پوسمىسى، بالىلار ۋە چوڭلار كىيىمىنىڭ ياقا، قولتۇقىغا يەتتە تال ياكى توققۇز تال سىيادان سېلىپ تىكىپ قويۇلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىزدا ياغاچ قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى ياساپ ئىشلىتىش ئۇزاق تارىخقا ئىگە، تارىم ۋادىسىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ توغراق، سۆگەت، تېرەك، ئۈجمە، ياڭاق، جىگدە، چىلان، ئۆرۈك قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ كۆتەكلىرىنى ئويۇپ يونۇش ئارقىلىق چالغۇ ئەسۋابلارنى، تاغاق، بۆشۈك، قوشۇق، چۆمۈچ، جام (قەدەھ)، چۆچەك، تاۋاق، ئاياق، دۇشەئاياق، ئەمبەل تەڭنە (جاۋۇر)، كاسا (كاساڭ)، سوغا (ياغاچ چىلەك) قاتارلىق تاماق جابدۇقلىرىنى، قولۋاق، ئۇلاق، ئوقۇر قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى، چۈۋىقتىن پايدىلىنىپ زىخ، چويلا، سېۋەت قاتارلىقلارنى توقۇپ ئىشلىتىدۇ. ياغاچتىن ياسالغان بۇ بۇيۇملار ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەل - دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنۇش ئەقىدىسىنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ئىز - قالدۇقلىرىدۇر.

### 3. نان ۋە تۇزنى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسى

نان خەلقىمىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئوزۇقلۇق مەنبەسى بولغاچقا ئەجدادلىرىمىز نانغا بولغان كۈچلۈك ئەقىدىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇنى ئۇلۇغلاپ كەلگەن. خەلقىمىزدىكى ناننى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسى سۇ، تۇز ۋە ئوتنى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسى بىلەن زىچ باغلانغان. نان ئۇن، سۇ، تۇزنى ئاساسىي ماتېرىيال قىلىپ تەييارلىنىدۇ، ئوت (تونۇر، ئوچاق) تا پىشۇرۇلىدۇ. ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ۋە يازما يادىكارلىقلار ئەجدادلىرىمىزدا نانغا بولغان ئەقىدىنىڭ قەدىمىلىكى ۋە ئومۇمىيلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. 1985 - يىلى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى يىل دەۋرى بۈنىڭدىن تەخمىنەن 3000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە تەۋە دەپ قارالغان چەرچەن ناھىيەسىنىڭ زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىن ئارخېئولوگىيە تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان يېمەكلىكلەردىن يۇلغۇن زىخقا ئۆتكۈزۈپ قويۇلغان پاقلاننىڭ قوۋۇرغا گۆشى، ناھايىتى نەپىس تەييارلانغان تېرىق ئۇنىدىن پىشۇرۇلغان توقاچ (نان)، تولغۇما قۇيماق، قاتلىما، نېپىز قوتۇرماچ ۋە كىچىك پوشكال قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى قېزىۋالغان. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن 1000 يىل ئىلگىرىكى زامانلاردا ئىستېمال قىلىدىغان

15 خىلدىن كۆپرەك نان تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پىشۇرۇلۇشى تونۇشتۇرۇلغان. ناننىڭ شەكلى يۇمۇلاق، شۇنداقلا داستىخاننىڭ يارىشىقى، بەرىكەتتى بولغاچقا ئەجدادلارنىڭ قارىشىدا نان دىدارلىشىشنىڭ، داستىخاننىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان. چۈش تەبىرىدە «نان كۆرۈپ چۈش كۆرسە يىراقتىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن دىدارلىشىدۇ» دېيىلگەن؛ ئۇيغۇرلار داستىخاننىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان ناننى قەدىرلەيدۇ، ئۇلۇغلايدۇ؛ سەپەر قىلغۇچىلار «نان سەپەردىكى ھەمراھ» دەپ قاراپ مەخسۇس تەييارلانغان سەپەر ئوزۇقىنى ياكى بىرنەچچە ناننى ئېلىۋالىدۇ؛ ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلار سەپەرگە چىققاندا «دىدار كۆرۈشۈش نېسىپ بولسۇن» دېگەن مەنىدە نان يوللۇق تۇتىدۇ؛ خەلقىمىزدە نان پارچىلىرى، نان ئۇۋاقلىرى ۋە تۇزنى دەسسەش، ئىسراپ قىلىش، كۆرگەنلا يەرگە تۆكۈش، نان سالغان ساندۇق، تۇز خالتىسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇش نان - تۇزغا قىلغان ھۆرمەتسىزلىك دەپ يامان ئېلىنىدۇ؛ چوڭلار داستىخانغا چېچىلىپ كەتكەن نان ئۇۋاقلىرىنى ئاغزىغا سالىدۇ، تالا - تۈزدە نان پارچىلىرىنى كۆرسە ئادەم دەسسىمەيدىغان يەرگە قويۇپ قويىدۇ؛ تۇز قوشۇلغان ھەرقانداق نان ۋە تاماقنى ئىلغاش، پۇراپ بېقىش، ئاشۇرۇپ قويۇش، ئىسراپ قىلىشقا قارشى تۇرىدۇ؛ ھالقىلىق پەيتتە ئۆز گېپىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاشتا قەسەم ئورنىدا ناننى كۆرسىتىپ: «ئالدىمدا نان تۇرۇپتۇ، نان ئۇرسۇن، نان دەسسەپ بىرەي» دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىدۇ؛ خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا «نان، تۇزغا دەسسىسە، كۆزى تۇتۇلۇپ قالىدۇ»، «ناننى كۆيدۈرسە پەرىشتىلەر 70 يۇشتىغىچە قارغىۋېتىدۇ»، «تۇزلۇقنى تولا يۆتكىسە، تولا ئۆي كۆچىدىغان بولۇپ قالىدۇ»، «تۇزنى قول بىلەن ئەلەشتۈرسە يىلكى شورلۇق بولۇپ قالىدۇ» دەپ قارىلىدۇ. توي - تۆكۈن ئادىتىمىزدە تويى بولغان كېلىن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى قىزنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ مېڭىش ئالدىدا قىزنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلىپ، بېشىدىن نان، سۇپرا قاتارلىقلارنى ئۆرۈيدۇ. چەرچەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ توي - تۆكۈن ئادىتىدە قىز كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، يىگىت ھەم قىز تەرەپتىن ھەرىكەتچان چاققانراق بىردىن ئايال ۋەكىل بولۇپ چىقىپ، ھەر ئىككىسى قولتۇقىغا نان قىستۇرۇپ، بىر - بىرىگە دۈمبىسىنى قىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن چاققانلىق بىلەن تۇرۇپ كېتىدىغان ئادەت بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە؛ يۇقىرىقى ئەنئەنىۋى قاراش ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزگە ئەجدادلىرىمىزدىكى ناننى، تۇزنى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسى سىڭگەن. چەرچەن يەر ناملىرىدا «نان يېگەك» دېگەنگە ئوخشاش نانغا باغلىنىشلىق يەر ناملىرى كۆپ ئۇچرايدۇ.

تۇزغا باغلىنىشلىق ئەقىدە - ئادەتلىرىمىز بۈگۈنكى تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. خەلقىمىزنىڭ قارىشىدا تۇزلۇق (تۇز ساللايدىغان قاچا) تىن ئاتلاشقا، ئاغزىنى ئوچۇق قويۇشقا بولمايدۇ، ھەتتا تۇزنىڭ لېيىنمۇ ئادەم دەسسىمەيدىغان جايغا تۆكۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۆھرەت، ھارام دۇنيا، ھۇزۇر- مەئىشەت قوغلىشىپ ۋاپاغا جاپا قىلغانلار، ئەل - ۋەتەنگە، ئاتا - ئانا، دوست - بۇرادەرلىرىگە ساتقىنلىق قىلغانلار، كىشلەرنى قاقشاتقان نائەھلىلەرنى «تۇزكور»، «تۇزۇم تۇتسۇن»، «تۇزۇم ئۇرسۇن»، «تۇزۇم كور قىلسۇن» دەپ نەپرەتلىك كۆز بىلەن قارغايدىغان ئىبارىلەرگە، «تۇزنى ئاقلىماق»، «تۇز تاتىماق»، «تۇزنى يەپ تۇزلۇقنى چاقماق»، «تۇز ھەققى خۇدا ھەققى»، «تۇز بەرگەن كىشىنى ئۇنتۇما»، «تۇز يالىغان ئىت قوپارغۇ ئاستىدا ئۆلەر» دېگەن ئىديوم، ماقال - تەمسىللەرگە ئەجدادلىرىمىزدىكى تۇزنى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسى سىڭگەن. تۇزغا بولغان ئەقىدە توي- تۆكۈن ئادەتلىرىمىزدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. تويى بولغان قىز- يىگىتكە «نىكاھى مۇستەھكەم بولسۇن، تاشتەك ئورناپ كەتسۇن، تۇزى تەڭشەلگەن تاماقتەك لەززەتلىك بولسۇن، پاكىز بولسۇن» دېگەن مەنىدە تۇزغا چىلانغان نان يېگۈزۈش؛ قىز - يىگىت ئولتۇرىدىغان كۆرپىنىڭ ئاستىغا تاش، شورتۇز (كۆكتۇز)، سۇپۇرگە قاتارلىقلارنى قويۇپ قويۇش؛ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى قىزنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەپ بېشىدىن نان، سۇپرا قاتارلىقلارنى ئۆرۈش؛ يەرلىك ئۇسۇلدا سوغۇق يەلدىن بولغان سانجىق، بەل - بويۇن ئاغرىقى، قورساق ئاغرىقى بىمارلىرىغا شور تۇزنى ئوتتا قىزدۇرۇپ لاتىغا ئوراپ ئاغرىغان يەرگە تېڭىپ كېسەل داۋالاش؛ تۇزدىن پايدىلىنىپ ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۇزدىن پايدىلىنىپ گۆش قۇرۇتۇش (سۇرلەش)، ئۇرۇك قېقى تەييارلاشقا ئوخشاش ئادەتلەر تۇرمۇشىمىزدا ئومۇملاشقان. ئەنئەنىۋى مىللىي تېبابەت بىلەن زامانىۋى پەن - تېخنىكىدىن پايدىلىنىش ئاساسىدا شورتۇزنى ماتېرىيال قىلىپ ياسالغان شوركاڭ، شورتۇز كۆپىلىرى، شورتۇز ياستۇقلىرى تۇرمۇشىمىزدا ئىشلىتىلىپ ئومۇملىشىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە.

---

پايدىلانغان ماتېرىياللار

[1] ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 4 - ئاي نەشرى

[2] ئادىل مۇھەممەت تۇزگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو - سۈرەت نەشرىياتى 2011 - يىلى 10 - ئاي نەشرى

[3] ئەنۋەر سەمەت قورغان «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 - يىلى 12 - ئاي نەشرى

(ئاپتور: چەرچەن ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە)

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى

ئېلخەت: kvlpiti@126.com




### ناشتا قىلمىسا...

ئەتىگەنلىك ناشتا ئۈچ ۋاق تاماق ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم تاماق ھېسابلىنىدۇ. ئۇزاق مەزگىل ناشتا قىلمىغاندا تۆرلۈك كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ.

1. ئاشقازان ياللۇغى ياكى ئاشقازان يارىسىنى پەيدا قىلىدۇ. ئەتىگەندە ناشتا قىلماسلىق ھەزىم قىلىش سىستېمىسىنىڭ ساغلاملىقىغا ھەممىدىن زىيانلىق. ئادەتتە، كەچتە يېگەن تاماق ئالتە سائەت ئەتراپىدا ئاشقازاندىن ئۆتۈپ، ئۈچەي يولىغا كىرىپ بولىدۇ. ناۋادا ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ناشتا قىلمىسا ئاشقازان كىسلاتاسى ۋە ئاشقازاندىكى ھەزىم قىلىش ئېنزىملىرى ئاشقازاننىڭ تىرىپىنى «ھەزىم قىلىشقا» باشلايدۇ. دائىم شۇنداق بولۇۋەرگەندە ھۈجەيرە ئاجراتقان يېپىشقاق سۇيۇقلۇقنىڭ نورمال ئىقتىدارى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئاشقازان يارىسى ۋە 12 بارماق ئۈچەي يارىسى قاتارلىق ھەزىم قىلىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى پەيدا بولىدۇ.

2. ئۆتتە تاش پەيدا بولىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر ناشتىدا ياغ تەركىبى يۇقىرى يېمەكلىكلەرنى ئازراق ئىستېمال قىلىشنى، ئەتىگەندە ناشتا قىلماسلىققا ئادەتلىنىپ قالماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ، چۈنكى ئەتىگەندە ئاچ قورساق يۈرۈۋەرگەندە ئۆت سۇيۇقلۇقى ئاسانلا يىغىلىپ قېلىپ ئۆتتە تاش پەيدا بولىدۇ.

3. داس بوشلۇقى ياللۇغىنى پەيدا قىلىدۇ. كۆپىنچە قىز - ئاياللار ئورۇقلاش ئۈچۈن، ناشتىمۇ قىلمايدۇ، بۇنداق قىلغاندا كۆپىيىش سىستېمىسىنىڭ ساغلاملىقىغا ئېغىر تەسىر يېتىدۇ. بولۇپمۇ قىشتا ناشتا قىلمىغاندا ئادەم بەدىنىگە ئاسانلا قۇۋۋەت يېتىشمەي قالىدۇ، شۇ سەۋەبلىك ئاياللارنىڭ بەدىنىنى سوغۇق قاپلاپ، داس بوشلۇقىدىكى قان - تومۇرلار تارىيىپ كېسەل پەيدا قىلىدۇ.

4. قان تومۇر كېسەللىكلىرى پەيدا قىلىدۇ. ئۇزاق مەزگىل ناشتا قىلمىغاندا تۆۋەن قويۇقلۇقتىكى ياغ ئاقسىلى قان تومۇر دىۋارىغا يىغىلىپ قېلىپ، ئارتېرىيە قېتىشىشنى پەيدا قىلىدۇ.

شۇڭا ساغلاملىق ئۈچۈن ئەتىگەندە ناشتا قىلىش كېرەك. ناشتىدا سۈت، قېتىق، ئېرىمچىك، ئاشلىقتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر، ئارپا ئۈمىچى، مېۋە شەربىتى قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىش مۇۋاپىق.

### ياشانغانلار ئۇخلاش ھالىتىگە دىققەت قىلىشى كېرەك

ياشانغانلار ئوڭدىسىغا يېتىپ ئۇخلىغاندا تىل تۈۋى ۋە كېكىردەك قىسمىدىكى يۇمشاق توقۇلمىلار ئاسانلا بوشىشىپ، نەپەس يولىنى توسۇۋېلىپ، نەپەس قىيىنلىشىپ ئوكسىگېن يېتىشمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەدەنگە ئۇزاق مۇددەت ئوكسىگېن يېتىشمىگەندە سوقان تومۇر تېمىدىكى ئېندوتېلىيە ھۈجەيرىسىنىڭ ئۆتكۈزۈشچانلىقى ئارتىپ، قان تومۇر دىۋارى ئىچكى پەردىسى ئاستىغا ياغ تىنىۋېلىپ، سوقان تومۇرنىڭ بوتقىسىمان قېتىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ قان بېسىمى، تاجسىمان يۈرەك كېسەللىكىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتىنى يۇقىرىلىتىۋېتىدۇ. مېڭە توقۇلمىلىرىغا ئوكسىگېن يېتىشمىگەندە مېڭە تومۇرلىرىنىڭ كېڭىيىش، تارىيىش ئىقتىدارى چېكىنىدۇ ۋە مېڭە ئىقتىدارى ئاجىزلىشىدۇ.

يۈرەك مۇسكۇلىغا ئوكسىگېن يېتىشمىگەندە يۈرەك سانجىقى، يۈرەك تاجسىمان سوقان تومۇرىدا بوتقىسىمان قېتىشىش ۋە قان بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كېسەللىك ئەھۋالىنى يەنىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياشانغانلار ئامال بار ئوڭدىسىغا يېتىپ ئۇخلىماسلىقى كېرەك.

### ئىچىملىك بوتۇلكىلىرىنى تەكرار ئىشلىتىشكە بولمايدۇ

كۈندىلىك تۇرمۇشتا كۆپ ئۇچرايدىغان بوتۇلكىلار ئادەتتە پولى ئېتىلېن گلىكول تېرېفتالاتتىن ياسىلىدۇ. بۇنداق ماتېرىيالنى خام ئەشيا قىلغان مىنېرال سۇ ۋە باشقا ئىچىملىك بوتۇلكىلىرى يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئادەتتە تېمپېراتۇرا 70℃ قا يەتسىلا شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، ئەگەر يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق مۇھىتتا ئۇزاق مۇددەت تۇرۇپ قالسا، بوتۇلكا ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا خام ئەشيا ماتېرىيالىغا قوشۇلغان بىر قىسىم ياردەمچى دورىلار ئىچىملىككە قوشۇلۇپ كېتىدۇ، بۇنداق ماددىلار سالامەتلىككە پايدىسىز تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا پىژغىرىم ياز كۈنلىرى ئەڭ ياخشىسى مىنېرال سۇ ياكى باشقا ئىچىملىك بوتۇلكىلىرىنى ئاپتوموبىلنىڭ ئىچىگە ئۇزاق قويۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا شۇكى، بەزى كىشىلەر قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئىچىملىك بوتۇلكىلىرىنى ۋاقىتلىق ئىستاكان قىلىۋالىدۇ ياكى ئىچىملىك بوتۇلكىلىرىغا باشقا ئىچىملىكلەرنى قاچىلىۋالىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ھەرقانداق مەھسۇلاتنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئىشلىتىش ئۇسۇلى بولىدىكەن، ئىچىملىك بوتۇلكىلىرى بىر قېتىملا ئىشلىتىشچانلىققا ئىگە مەھسۇلات بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىچىملىك بوتۇلكىلىرىنى ئەڭ ياخشىسى تەكرار ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

مۇھەررىر: پەرىدە تۇردى ئېلخەت: paridaturdi@126.com



# ئۇچلىغۇچ

◉ مېھرىئاي مۇھەممەد

قىش كىرگەندىن بۇيانقى تۇنجى قار ياغدى، ئاپپاق قاردا كىچىككىنە ئاياغ ئىزلىرىمنى قالدۇرۇپ دادامنىڭ يوغان ئىزىدىن مېڭىپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدىم. يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاڭ سەھەردە قايسىدۇر بىر كەپسىزلەرنىڭ تىراكتور چاقىنىڭ ئىزىغا ئوخشىتىپ ئالايتەن كۆڭۈل قويۇپ ئەستايىدىللىق بىلەن ساناپ دەسسەپ پەيدا قىلغان 30 مېتىرچە ئۇزۇنلۇقتىكى ئاياغ ئىزى تۇراتتى. مەن بۇ ئىزنى كىمنىڭ پەيدا قىلغانلىقىنى بىلەلمىسەممۇ بىراق بۇ ئىزنى قالدۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق سەۋرچانلىق بىلەن ئىككى پۇتىنىڭ تاپىنىنى جۈپلەپ ئاستا، ئاۋايلاپ مېڭىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

دادام كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىمنى بىلەتتى، يولدا ماڭا خەۋپ يەتكۈزىدىغان بىرەر نەرسە بولمىغانلىقتىن خاتىرجەم، كەينىگە قاراپمۇ قويماي چوڭ - چوڭ چامداپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ قەدىمى بارغانسېرى تېزلەشتى ھەم ئىزىنىڭ ئارىلىقى كېڭىيىپ كەتتى. ئاخىرى مەن ئىزلارنىڭ ئارىسىدا سەكرەشكە مەجبۇر بولغاندىلا ئۇ جايدا توختاپ كەينىگە بۇرۇلدى. دادام كەينىگە بۇرۇلغاندا ئۇنىڭ قويۇق بۇرۇتى تۇنجى بولۇپ كۆزۈمگە چېلىقتى، خۇددى ئۇنىڭ يۈزىدە ئاشۇ قەشقەرچە ياسىتىۋالدىغان توم بۇرۇتتىن باشقا دەماللىققا كىشىنى ئەندىكتۈرىدىغان نەرسە يوقتەك، دەل شۇ بۇرۇت بىرىنچى بولۇپ كۆزۈمگە كۆرۈندى. ئەمەلىيەتتە مەن ئۇنىڭ ھەر دائىم مۇز ياغدۇرۇپ تۇرۇلۇپلا تۇرىدىغان، سىزىقلىرى بىنەم تۆپىلىكتىكى يامغۇر يېغىپ پەيدا قىلىپ قويغان ئېرىقچىلاردەك چوڭقۇر قوشۇمىسىغا قاراپ سالماسلىق ئۈچۈنلا قاڭشىرىنىڭ ئۇستىگە قارىماسلىققا ئادەتلەنگەنىدىم. مەن بۇنداق قىلىشنى ئاپام بىلەن ئاچامدىن ئۆگىنىۋالغان. دادام گەپ قىلىۋاتقاندا ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ پېشانىسىگە قاراپ سالمايتتى، بىر بولسا ئېڭىكىگە قارايتتى، ياكى يەردىن بېشىنى ئۇستۇن كۆتۈرۈشمەيتتى. ئاچام ماڭا شۇنداق قىلغاندا دادامدىن ئانچە بەك قورقۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى دەپ بەرگەندىن كېيىن مەنمۇ

شۇنداق قىلىدىغان بولۇۋالغانىدىم، داداممۇ بىزنىڭ ئۇنىڭدىن قورقىشىمىزنى ئەسلا خالىمايتتى، لېكىن دادامنىڭمۇ قوشنىمىزنىڭ بوۋىقىدەك بوۋاقلىقى بولغان دېسە مەن ئىشىنەلمەيتتىم. ئۇ ماڭا تۇغۇلغاندىلا مۇشۇنداق سۇرلۇك تۇغۇلغاندەك تۇيۇلاتتى.

قۇشخانىدىن ئۆتكەندىن كېيىن تۆت كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئابىدە — مۇنار تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈندى. بۇ مۇنارنىڭ قاچان سېلىنغانلىقىنى بىلمەيمەن، پەقەت پۈتۈن تارانچىلىق ئەرلەر كەچلىكى يىغىلىدىغان ئاۋات جاي ئىكەنلىكىنىلا بىلىمەن. مۇنارنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە يازلىق كىنوخانا، كىنوخانىنىڭ ئۇدۇلىدا كىتابخانا بار ئىدى. بىز كېلىۋاتقان ئوڭ قول تەرەپتە بازار بويىچە ئەڭ چوڭ ماگىزىن بار بولۇپ، مەن دادامغا ئەگىشىپ شۇ ماگىزىنغا كېتىۋاتقانىدىم. ماگىزىنىنىڭ ئۇدۇلىغا پوچتىخانا ھەم قايسى ئورگان ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر ھويلا جايلاشقان بولۇپ، شۇ ھويلىنىڭ ئىشىك بېكىتىلمىگەن دەرۋازىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن قاپقارا پاقالان گۆشىدىن سامسا يېقىپ ساتىدىغان سامسىخانىدىن باشلاپ ئاشخانا، كاۋاپخانا، ئوتياش ساتىدىغان يايمىلار كوچىسىغا كىرىپ كەتكىلى بولاتتى.

دادام ماگىزىنغا قايرىلىدىغان دوقمۇشقا نەچچە قەدەم قالغان يەردە ماڭا قاراپ تۇراتتى، قوشۇمىسى تۈرۈكلۈك، لېكىن كۆزلىرى، يۈزلىرى ئېنىقلا كۈلۈۋاتاتتى. ئۇ مېنىڭ ئىزىدىن ئىزىغا زورۇقۇپ سەكرىشىمگە ھۇزۇرلىنىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بىردىنلا كېلىپ قوش قوللاپ كۆتۈرۈپ بېلىكىگە ئولتۇرغۇزۇۋالدى. ئەينى ۋاقىتتا بويۇم بىر مېتىردىن بىر غېرىچلا ئاشقان بەش ياشلاردىكى پىستەك ئىدىم. شۇ كۈنى دادام بىلەن ماگىزىنغا ئاچچىقسۇ، شېكەر، تۇز، تاختا چاي سېتىۋالغىلى كەلگەنىدۇق.

ماگىزىن ئىچى ئىنتايىن كەڭرى بولۇپ، ئوڭ - سولدىكى پەشتاختىلارنىڭ ئارىسىدا بىردىن ئىككى ئىشىك بار ئىدى. ماللارنىڭمۇ تۈرلىرى ئالاھىدە تولۇق بولغاچقا مال ساتقۇچىلارنىڭ باشقىچىلا ھاكاۋۇر بولۇشۇپ كەتكەنلىكىنى چوڭلاردىن ئاڭلاپ تۇراتتىم. ئېسىمدە قېلىشىچە مەن ھەر دائىم بۇ ماگىزىنغا كىرسەملا سەككىز خىل رەڭلىك قوراق شار بىلەن دۇمباقچى مۇشۈك ئېيىق بار پەشتاختىنىڭ ئالدىغا كېلىۋالاتتىم. بۇ دۇكاندا يەنە داڭلىق ماركىلىق مېخانىك قول سائەتلىرىمۇ بار بولۇپ، پاكىز سۈرتۈلگەن ئەينەك پەشتاختىنىڭ ئىچىگە رەتلىك تىزىپ قويۇلاتتى. ئاڭلىغىنىمدەكلا مال ساتقۇچىلار بەكلا سوغۇق ھەم مەنمەنچى كۆرۈندى، ئۇلار تارانچىدىكى باشقا ئاياللارغا ئانچە ئوخشاپ كەتمەيتتى، گويا مەخسۇس مۇشۇ ماگىزىندا ئىشلىتىش ئۈچۈن تاللانغاندەك پاكىز ھەم چىرايلىق بۇ ئاياللاردىن سېتىۋاتقان ماللىرىدەك بۇلغانمىغان زاۋۇت پۇرىقى كېلەتتى. ئەلۋەتتە، مېنىڭ كۆزدە تۇتتۇۋاتقانلىرىمنىڭ ئىچىدە يېمەكلىكلەر رايوندىكىلەر يوق، ئۇلاردىن ئاچچىقسۇ بىلەن پىششىق يېمەكلىكلەرنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ. ھەر خىل رەخت ھەم كىيىم - كېچەك، ئۇششاق - چۈششەك ئائىلە سايمانلىرى، چىنە، چايدانلار ھەم سائەت قاتارلىق كىشىنىڭ كۆزىنى چاقنىتىدىغان يېڭى ماللارنىڭ قاتارىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ياغاچ قىرىندىسىنىڭ سۇس خۇشبۇيى ھىدى كېلىدىغان بىر بۆلەككە بارغىلى بولاتتى، بۇ جاي ماگىزىنىنىڭ ئەڭ ئىچىگە، مۇنداقچە ئېيتساق تۆرگە جايلاشقان بولۇپ، ئوقۇش قوراللىرى سېتىلاتتى. مەن شۇ يەردە ئازراق تۇرۇپ قالدىم، ئەينەك پەشتاختىنىڭ ئىچىدە بىر كورۇپكىدا 12 خىل رەڭگى تولۇق تاتلىق ئۆچۈرگۈچلەر، سىياھ قەلەم، قېرىنداش، ھەر خىل ئۇچلىغۇچلار تىزىپ قويۇلۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۇزۇن خارتۇمىنىڭ ئۇچى ئازراق ئىلمەك چىقىرىلىپ ئاسمانغا قارىتىلغان، يەلپۈگۈچ قۇلاق پىل شەكلىدىكى ئۇچلىغۇچ بەكلا چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە ئاشۇ پىلنى ئالقىنىمغا ئېلىپ، ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنى بارماقلىرىم بىلەن سىلاپ تۇرغان ۋاقتىمدا. ئەگەر ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيدىغان بولسام ئۆيدىكى بويۇم بىلەن تەڭ كۆزى يۇمۇلىدىغان، ئوماق ئاغزىدا ئىمزىگىسى بار قونچاقىمغا تېگىشىشكە رازى ئىدىم، دەپ ئويلىغانىدىم. مەن ئۇنى قولۇمغا بىر ئالغىنىمچە قايتۇرۇپ بەرگىلى ئۇنىماي دادامغا ئەگىشىپ پۇل تۆلەيدىغان جايغا كەلدىم. ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان كۆزەينەكلىك قېرى ئايال، دادامغا پارچە پۇللارنى قايتۇرۇۋاتقاندىمۇ ھېلىلا ئۇلار مەندىن پىلنى تارتىۋالىدىغاندەك ئەندىشىدىن قۇتۇلالمىدىم. ماگىزىندىن چىقىپ كەلگەن يولىمىز بىلەن قايتتۇق، پىلنى ئىنتايىن ئاۋايلاپ تۇرۇپ پاختىلىق چاپىنىمنىڭ يانچۇقىغا سالدىم. دادام كۆتۈرۈۋالماقچى بولغانىدى، يانچۇقۇمدىكى پىلنىڭ سۇنۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ كۆتۈرۈۋېلىشىغا قوشۇلمىدىم. ئۇنى يانچۇقۇمغا سېلىپ بىر قولۇمدا مۇھاپىزەت قىلغىنىمچە يەنە بىر قولۇمدا دادامنىڭ جۇۋىسىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ ماڭدىم، قايتىپ كېلىۋېتىپ يولنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوتتۇرىسىدىكى تىراكتور ئىزىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى، قوشخانىغا يېقىنلا بىر يەردە قاتناش ھادىسىسى بولغانلىقىنى كۆردۈم. مىللىتىنى، يېشىنى، كىملىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر ئادەم ئاشۇ ئىزلارغا يېقىنلا بىر يەردە دۈم ياتاتتى. قايسى ئەزايىدىن چىققانلىقى نامەلۇم بىر پاتمان قان ئاپپاق قارنى كەڭ دائىرىدە قىپقىزىل بوياۋەتكەن بولۇپ، قارنىڭ قات - قېتىغا سىڭىپ كېتىۋاتقان ئىسسىق قاندىن ھور ئۆرلەپ تۇراتتى.

پىلىم ئىككىمىز دادامنىڭ پېشىغا ئېسىلغىنىمىزچە كۆزلىرىمىزنى چىڭ يۇمۇپ بۇ يەردىن ئۆتتۇق. مەھەللە دوقمۇشىدا ئاپام ئەنسىزلىك بىلەن يولىمىزغا قاراپ تۇرغانىكەن... ئەمەلىيەتتە ماگىزىن بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىلىقى 500 مېترمۇ كەلمەيتتى.

شۇ يىلقى قار، تارانچىدا ياغقان تۇنجى ھەم ئاخىرقى قار ئىدى. ئاچچىق سوغۇق بولىدىغان بۇ ماكاندا ئەزەلدىن قار كۆپ ياغمايتتى. ئەتىياز پەسلى تولىمۇ ئۇزۇن بىلىنەتتى، ئىزغىرىن باھار شامىلى بىر پەسىل چىقالايتتى. تېرەكلەر ئاسمان پەلەك ئۆسەتتى، ئۇلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە پوتلا چىقىرىپ بىخلىناتتى، قوشخانىنىڭ توك ئىسكىلاتىدىن چوكا مۇزلار چىقىشقا باشلىغاندا «ياز بولۇپتۇ» دەپ بىلەتتىم. ياغاچ راملىق دېرىزىنىڭ پاكىز يالتىراق ئەينىكىدىن ئۆتۈپ، پىششىق خىش ياتقۇزۇلغان ياتاق ئۆيىمىزگە چۈشۈۋاتقان قۇياش نۇرىغا پىلىمنى تۇتاتتىم، ئۇنىڭ رەڭگى سېرىق، كۆزلىرى تىنىق ئاسماندەك كۆك بولۇپ، قارىچۇقى ئورنىدا قارا سىردا كىچىككىنە چېكىت ئورۇلغانىدى. ئۆتكۈر قۇياش نۇرىدا ئۇنىڭ سېرىق رەڭلىك قېپىنىڭ ئىچى قىزغۇچ كۆرۈنەتتى، مېنىڭ ئۇنى تۇتۇپ تۇرغان يۇمران بارماقلىرىممۇ قىزغۇچ رەڭگە كىرىپ قالاتتى. ئۇ مېنىڭ ئىمىزگە ئېمىدىغان ئۇزۇن كىرپىك قونچىقىم، قوش ئىشىكلىك تۆمۈر ئاپتوبۇسۇمغا ئانچە ئوخشاپ كەتمەيتتى. نېمە ئۈچۈنكى ئۇنىڭ ھەرىكەتسىز تۇرىدىغان كۆز قارىچۇقلىرى بەكلا مۇڭلۇق تۇيۇلغاچقا بىلىپ - بىلمەي ئۇنىڭغا ئازار بېرىپ قويۇشۇمدىن قورقاتتىم. شۇ يىلى سېنتەبىردە مەكتەپكە كىردىم، قەلەمدانىمدىكى قەلەملەرنى دادام كىچىك بەكىسىدە ئۈچلاپ بەردى. مەن پىلىمنى ئاۋايلاپ، ئۇنىڭ قۇيرۇقىنىڭ كەينىدىكى تۆشۈككە بىر قېتىممۇ قەلەم سېلىپ باقمىدىم. ھەددىدىن زىيادە سىلىقلىنىش پەيدا قىلىدىغان قەلەم ئۈچلاش ھەرىكىتى نەزىرىمدە نازۇك تەبىئەتلىك پىلىم قىلسا بولمايدىغان ئېغىر ئەمگەك ئىدى.

مەن ئۇنى ئاپىسى باقمىغان، ئاتىسى قارىمىغان، باشقا قېرىنداشلىرىنىڭ راھىتى ئۈچۈن يىراق ئافرىقىدىن تارانچىغا سۈرگۈن قىلىنغان يېتىم پىل دەپ پەرەز قىلاتتىم، ئىككىمىز تەقدىرداش ئىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇمۇ مەندەك ئاۋايلىنىشى كېرەك دەپ قاراپ، يېنىمدىن ئايرىماي باقماقچى بولدۇم. ئۇ مەن ئۇخلىغاندا مەن بىلەن بىللە ئۇخلايتتى، مەكتەپكە ماڭسام يانچۇقۇمدا بولاتتى. دەرس ئاڭلاۋاتقاندا پارتامنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قوياتتىم. ئۆيگە كەلگەندە ئۇنىڭغا كەرە يادىلاپ بېرەتتىم، ئېلىپبەنى ئوقۇپ بېرەتتىم، ئۇ ھەر دائىم قاپقارا قارىچۇقلىرى بىلەن ماڭا قاراپلا تۇراتتى، خارتۇمى ئاسمانغا قايرىلىق ئىدى، كىچىككىنە يورۇقلۇقتىن ئىچى قىزىل پانۇس ياققاندەك قىزىرىپ كېتەتتى.

بۇ يەردىكى دادام - ئاپام ئەمەلىيەتتە مېنىڭ بوۋام ھەم مومام ئىدى، ئۇلارنى ئۇنداق ئاتىسام كۆڭلىگە كەلگەچكە يېقىملىق قىلىپ «دادا - ئاپا» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەنىدىم، راستىنى دېسەم تىلىم چىققاندىلا شۇنداق ئاتايدىكەنمەن. ئۇلارمۇ شۇنىڭغا كۆنۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن بىردىنلا «بوۋا - موما» دېسەم كۆڭلىگە كېلىشى ئېنىق، بەلكىم ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش ئۆز ئاتا - ئانامغا نىسبەتەن قورساق كۆپكىدە بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ ئىزچىل نوپۇسۇمنى يۆتكەپ كېلىشنى رەت قىلغىنىغا قاراپ شۇنداق ئويلىغىنىم ئېسىمدە، ھەم بۇ خىيالىمنى پىلىمغا دەپ بەرگەنىدىم. مەن ھەتتا مەكتەپكە تىزىملىغا ئالدۇرغاندا ئۆز ئاتا - ئانام قويغان «ئىسمىمنى دەپ بېرىشنى خالىماي دادام(بوۋام)نىڭ ئىسمىغا يېقىن قىلىپ ئىسمىم ھاۋاگۈل، فامىلەم ھۆسەن» دېگەنىدىم. ئالتە ياشقا توشمىغان بالىنىڭ بۇنچە زەھەرخەندە بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، لېكىن مەن شۇنداق قىلدىم، ھەم يەنە تېخى بۇ ئىشنى پىلىم بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن قىلدىم. بۇ پىلىم بىلەن ئارىمىزدىكى تۇنجى مەخپىيەتلىكلەردىن بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قىزغۇچ يورۇيدىغان قورسىقىدا نۇرغۇن سىرلىرىم ساقلىناتتى.

ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ، دادام - ئاپام مېنى مەجبۇرلاپ دېگۈدەك ئاتامغا قوشۇپ ئۈرۈمچىگە يولغا سالدى. مەن شۇ چاغدا بويۇمدىن ئېگىز ھەممە ئادەمدىن قاتتىق نەپرەتلەندىم. ئەسلىمەمدە قىلچىمۇ ئىزناسى يوق ئۆز ئۆيۈمگە كېتىۋاتقانلىقىمنى ئويلىساملا كۆڭلۈم بۇزۇلاتتى. ئۇ ئاۋات شەھەر، ئاشۇ قېرىنداشلىرىم، نامەلۇم ئىستىقباللار مېنى قىلچە قىزىقتۇرالمىدى. ھەر يىلى قاتناش ھادىسىسى بولۇپ تۇرىد-

غان ھېلىقى يەردىن ئۆتتۇق، دادام بىلەن ئاتام ئالدىمدا كېتىپ باراتتى. ئاچام بىلەن ئاپام كەينىمدە كېلەتتى، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان دوستلىرىم ئىشىك ئالدىلىرىدا، ئاپىلىرىنىڭ كەينىدە تۇرۇشۇپ ماڭا قاراشتى. مەن ئۇلارنىڭ كۆزىچە مېڭىپ، بارغانسېرى ئۇزاپ كەتتىم، ئۆز ئۆيۈمدە شۇلارغا ئوخشاش بالىلارنىڭ بار ياكى يوقلىقىنى بىلمەيتتىم. يوللاردىن توپا ئۆرلەپ تۇراتتى، ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ پاكار - پاكار پىششىق خىشتا سېلىنغان ئۆيلەر، يول چىراغلىرى، توك ئىستولبىلىرى، ھەتتا يول بويىدىكى تېرەكلەرگىچە بىر قەۋەت تۇمان بېسىۋالغاندەك، كۆلرەڭگە مايىل خۇنۇك تۇمان ئىچىدە قالغاندەك كۆرۈنگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

مەن ھەر بىر تال تاش، شېغىل، قۇم دانىچىلىرىغىچە تونۇش بولغان يولدا مېڭىپ قۇشخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، كىچىككىنە بىنەم تۆپىلىكنىڭ يېنىغا كەلگەندە بەرداشلىق بېرەلمىدىم. بارچە ماڭا تەۋە بولغان نەرسىلەر بارغانسېرى مەندىن ئۇزاپ كەينىمدە قېلىۋاتقاچقا پەقەت چىدىمىدىم. شۇ بىنەمنىڭ يولغا تۇتاشقان قاپتىلىدا تەبىئىي ھاسىل بولۇپ قالغان كۆرۈسسىمان بىر ئويۇقچە بار ئىدى. بۇرۇن - بۇرۇندىن دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئەركىلىكىم تۇتۇپ ماڭغىلى ئۇنىماي قىيداپ، دومسىيىپ تۇرۇۋالاتتىم. دادام مېنى شۇ ئويۇققا كۆتۈرۈپ چىقىراتتى، ئاندىن كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ بېرەتتى، مەن بولسام ئالا كۈچۈكلىرىم يوقالغان ھالدا خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭغا ھاپاش بولاتتىم.

دادام ماڭغىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالغانلىقىمنى كۆرۈپ يېنىمغا كەلدى، مەن ئەيمىنىپ ئۇنىڭغا قارىيالمىدىم، ئاتام نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي بىزگە قاراپ تۇراتتى، مەن ئۇنىڭ ئۆز قىزى ئىدىم، بىراق ئۇ ھازىر مېنىڭ نېمىگە تارتىنىشۋاتقانلىقىمنى ئەسلا بىلمەيتتى. دادام مېنى لىككىدە كۆتۈرۈپ بىنەم تۆپىلىكنىڭ ئويۇقچىسىغا ئالدى، ئاندىن بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن كۆزلىرىنى يۇمۇپ كەينىگە ئۆرۈلدى. مەن ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك شوخلۇق، ئەركىلىك بىلەن ئەمەس دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە رايىش چوڭ قىزلاردەك ئاستا، مۇلايىم ھاپاش بولدۇم. بويۇم خېلى ئۆسۈپ قالغان بولسىمۇ دادامنىڭ يەلكىسىدە قىلچە ۋەزنىم يوقتەك ئىدى، مەڭزىمنى ئۇنىڭ دۈمبىسىگە يېقىپ جىم تۇردۇم، ئۇ چوڭ - چوڭ چامداپ مېڭىشقا باشلىدى. تاكى ھېلىقى ماگىزىندىن ئۆتۈپ ئۇزۇن يوللۇق قاتناش بېكىتىنىڭ يېنىغا كەلگىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، بېكەتكە كەلگەندىن كېيىنلا ئېگىز بىر جايىنى تاللاپ مېنى چۈشۈرۈپ قويۇپ كەينىگىمۇ قارىماي يىراققا كەتتى. دادامغا ھاپاش بولغاندا قولۇمدا پىلىم بار ئىدى، پىلىم ھەم قولۇم ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ، دادامنىڭ ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ مەيدىسىدە ساڭگىلاپ تۇرغان قوللىرىمنى، پىلىمنى ھۆل قىلىۋېتىپتۇ. دادامنىڭ دۈمبىسىدىكى ئالىقاندەك يەردە پەيدا بولغان ھۆللۈك بولسا ئۇنىڭ بەدىنىدىن چىققان تەر ئەمەس، بەلكى مېنىڭ كۆزۈمدىن ئاققان ياش ئىدى.

ئۈرۈمچى ئاۋات، تەرەققىي قىلىۋاتقان شەھەر، ھەم تىنىم تاپماي تىلغاپ چۈۋۈلىدىغان شەھەر. شەھەر يوللىرىنىڭ ھەر يىلى قايتا - قايتا چۈۋۈلىشى، مېنى پەقەت ئارامىمدا قويمىدى. ھەر يىلى ياز باشلىنىشى بىلەنلا يول ياساش باشلىنىپ كەتكەچكە تارانچىدىن كەلگەندىكى ۋەيرانە كۆرۈنۈشلەر پەقەت ئەسلىمە قاتارىغا ئۆتەلمەي كۆپ قىينىۋەتتى. چۈۋۈق يوللارنى كۆرسەملا يېڭى كەلگەندىكى مەنزىرە ئېسىمگە يېتەتتى، گويا ھازىرلا بۇ شەھەرگە كىرىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولۇپ قالاتتىم، دادام - ئاپاملاردىن تۈنۈگۈنلا ئايرىلغاندەك ھېس قىلاتتىم.

دادامنىڭ كۆزلىرى ياش يۇقى قالدى، دەپ ئويلىغانلىقىم ئۈچۈن ھېلىقى پىلىم تېخىمۇ قەدىرلىك بولۇپ كەتتى. ئاچىلىرىم مېنى «مجەزى غەلىتىكەن» دەپ مەسخىرە قىلىشتى، شۇنىڭغا يارىشا مەن تېخىمۇ سوغۇق، تېخىمۇ غەلىتە بولۇۋالدىم. ئۇلار بىلەن دېيىشكۈدەك گېپىم يوق ئىدى، يېڭى ساۋاقداشلىرىم بولسا تېخىمۇ باغرى تاش بىلىندى، ئۇلارغىمۇ يېقىنلىشىپ دوستلىشىش خىيالىدا بولمىدىم.

ئاتام - ئاپاملارغا مېنىڭ كىتاب ئوقۇشقا ئامراقلىقىم ياراپ قالغاچقا مېھمانخانا ئۆينىڭ كۈنگەي دېرىزىسىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى دەرس تەييارلىشىم ئۈچۈن ئاجرىتىپ بەردى.

مەن ئەمدى شۇ يەردە ئولتۇرۇپ، پىلىمنى ئالدىمغا قويۇۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇندىن ئۇزۇن مۇڭدىشىدىغان بولدۇم. ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇراتتى. ماڭا ھېسداشلىق قىلاتتى، ئۇنىڭ ئاشۇ مۇڭلۇق قارا قارىچۇقلىرى، سارغۇچ قارىچۇقلىرىدىكى مەنەلەرنى تولۇق ئوقۇيالايتتى. بارا - بارا چوڭ بولدۇم، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەن يىلى پىلىم سىڭلىمنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا يەنچىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ بارلىق سىرلىرىمنى قاچىلىغان قورسىقىنىڭ نەچچە پارچە بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆ-

www.uyghurkitap.com



رۇپ نېمە قىلارىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. سىڭلىممۇ قەستەن قىلمىغانىدى، ئۇ مەندىن ئەپۇ سورىغاندەك بىچارىلەرچە قاراپ تۇراتتى، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا ئەزەلدىن ھېسسىيات ھەمكارلىقى بولۇپ باقمىغان بولسىمۇ قانىنىڭ ئوخشاشلىقىدىن سەزگۈلىرىمىز يېقىن ئىدى. ئۇ مېنىڭ بۇ پىلنى قەدىرلەيدىغانلىقىمنى، ئۇن يىللارچە يېنىمدىن ئايرىماي ئاسراپ ساقلاۋاتقانلىقىمنى بىلەتتى، ھەم بەزىدە پىلىمغا ھەۋەس قىلىپمۇ قالاتتى.

شۇنداق قىلىپ پىلىمدىن بىمەھەل ئايرىلىپ قالدىم، يىغلاپ بېسىقمىغان بولسامۇ ھېچكىمگە ھېچنېمە دېيەلمىدىم، دېيىشكە پېتىنالمىدىم. جانىسىز بىر ئويۇنچۇق ئۈچۈن ھازىدار بولۇشۇم ئاچىلىرىمنىڭ نەزىرىدە قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان بىمەنىلىك سانالدى، مەن ھەتتا «روھىي كېسەل» دەپ مەسخىرە قىلىندىم.

ئۆچمەنلىكىم قايتىدىن قوزغالدى، ئازابلىرىمنى سىغدۇرغۇدەك ھېچنەرسە يوق ئىدى. شەكىلسىز، چەكسىز بىر بېسىم ئىسكەنجىسىدە مىجىۋېتىلدىم. ئويلىسام ـ ئويلىسام يەنجىۋېتىلگىنى پىلىم ئەمەس بەلكى قاراڭغۇلۇققا بېكىنىۋالغان مەن ئىدىم. گەرچە كېيىنكى كۈنلەردە بېشىمغا كەلگەن ئىشلارنى بىۋاستە پىلىمنىڭ نابۇت بولۇشىغا باغلىيالمىسامۇ، ئەك سىرداش دوستۇمدىن ئايرىلغانلىقىمنى ئېنىق ھېس قىلدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن يىغلىماسلىققا تىرىشتىم، ئۆچمەنلىكىم ئۇچىغا چىقتى، ھېچكىمگە ئىشەنمەس بولدۇم، كۆزلىرىم كۆلەتتى، بىراق ھېچقاچان خۇشال ئەمەس ئىدىم. نۇرغۇن ئادەملەرگە ئارىلىشىپ ياشايتتىم، نۇرغۇن دوستلىرىم بولدى. قىزغىنلىق تولۇپ تاشقان شەھەر ھاياتىدا بىلىپ ـ بىلمەي بويۇمغا يېتىپمۇ قاپتىمەن. شۇ ۋاقىتلاردا غەلىتە كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدىم. قانلىرىم ئۇرغۇپ تۇرىدىغان قېپىمنىڭ ئىچىدە مۇزدەك، جەسەتتەك يەنە بىر مەن ياشاشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا ھامىلدار بولغانمۇ ياكى ئۇ مېنى تۇغقانمۇ پەرق قىلالمىدىم. قىزغىن ھەم ئوچۇق ـ يورۇق كەيپىياتتا دوستلىرىمنىڭ تىنىق كۆزلىرىگە نەزەر تاشلىغىنىمدا بۇ كېسەللىكنىڭ ھەممىلا ئادەمدە بارلىقىنى بايقىدىم. بىز دېيىشىپ يېقىن ئۆتۈشەتتۇق، لېكىن ئىچىمىزدە بىردىن «مەن» بار ئىدى. بۇ «مەن»لەر شۇ قەدەر سوغۇق، شۇ قەدەر خۇنۈك، بىراق ئاجايىپ كۈچلۈك كىشىلەر بولۇپ گەۋدىمىزنى كىيىپ، يول ـ يوللاردا قەيسەرلىك بىلەن مېڭىپ يۈرۈشەتتى. بىزلەرنىڭ يېقىنلىشىپ، ئارىلىشىپ كېتىشىمىزنى قاتتىق توسايتتى. بىز «مەن»لىرىمىزنىڭ نازارىتى ئاستىدا، بىر ـ بىرىمىزگە شۇنچىلىك دوستانە ھەم شۇنچىلىك ساختا مۇئامىلە قىلىشاتتۇق. ياشاۋاتقان ھاياتىمىز، چىرايلىق لەۋلىرىمىزدىكى ھېكايىمىز ئىدى، بولۇپمۇ مېنىڭ توقۇلمىلىرىم تولىمۇ جانلىق ھەم چىن يارىتىلاتتى. مۇغەمبەرلەرچە ياشاۋاتقىنىمنى بىر ئۆزۈم بىلەتتىم، ھېچبىر تۇيغۇ پىلىم بىلەن يېڭى تونۇشقان شۇ كۈنلەردىكىدەك ساپ ھەم سەممىي ئەمەس ئىدى. چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان غەلىتە بىر ئازابتا ئىچىمدىكى «مەن» كېچە ـ كۈندۈزلەپ قىينىلاتتى. ئۇ مېنىڭ ھاياتلىقنىڭ بارلىق قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇنۇپ، بىچارىلەرچە ياششىمغا قاراپ تۇردى، ئىككىمىز دەردلىرىمىزنى تۆكۈشكىنىمىزدە بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئىچىگە توشۇپ، تولۇپ، بۇلدۇقلاپ تېشىپ يەنە ئۆزىمىزگە سىڭىپ كېتەتتۇق. دوستلىرىم بىلەن بىللە بولغانلىرىمدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى دېمەكچى بولاتتىم، بەزىدە سىناپمۇ باقتىم، بىراق ئىچىمدىكى «مەن» بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئازابىمىزنى سۆزلەۋاتقان تىلىمىز، خۇددى ئۇيغۇر تىلى ئەمەستەك مەقسىتىمىزنى ھېچكىمگە چۈشەندۈرەلمەيتتۇق. ئېنىقكى بىز قاتتىق يالغۇزلۇق تارتىۋاتاتتۇق. يالغۇزلۇقىمىزدىن قۇتۇلالماي غېرىبسىنىپ قالدۇق.

ھازىر قىلمىشلىرىمدىن خالىسام ھەر قانداق ئىنسانغا ھېساب بېرىشنى رەت قىلغۇدەك جۈرئەتكە تولغان يىللىرىمنى ياشاۋاتىمەن. گۆدەكلىكىمدە شۇنچىكى يىقىلىپ چۈشۈشلەردىن پەيدا بولغان ئاغرىقلارنى «ئازاب» دەپ بىلىپ، ئادەم يوق يەرلەرگە بېرىۋېلىپ پىلىمنى سىلاپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا يارامنى كۆرستەتتىم، «بەك ئاغرىدى» دەيتتىم، ئۇمۇ ماڭا تەسەللى بېرىۋاتقاندەك مۆڭلۈق قاراپ ئالقىنىمدا تۇراتتى. پىلىمدىن ئايرىلىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يىقىلىشىم پەقەت گەۋدەمنىڭلا يەرگە تېگىشى بولماي قالغىلى تۇردى. ئازابلىرىممۇ جىسمىمدىكى ئاغرىقلاردىن ئەمەس، بەلكى قەلبىمدىكى زەخمىلەردىن پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. ھالبۇكى، مۇشۇ مۇستەقىل، قىرانلىقىمغا يەتكەن ياشلىرىمدىكى ئازابلار ئۆتكەن ئۆمرۈمدە باسقان جۈرئەتسىز، ئەركسىز، بىقۇۋۇل قەدەملىرىمنىڭ پۇشايمىنىدىن كېلىۋاتىدۇ. شۇ قەدەملەرنىڭ شاپائىتىدىن تېخىمۇ تەنھالىققا گىرىپتار بولدۇم. غېرىبلىق باسقانسېرى پىلىمنى سېغىندىم، ئۇنى ئىزدەپ تېپىش ئىشتىياقى بارغانسېرى كۈچەيدى. مەن ئۇنى ھەر جايدىن ئىزدىدىم، باشتا سەل تەمتىرەپ، بارا ـ بارا قەيسەرلىشىپ دادىللىق بىلەن ئىزدەشكە باشلىدىم، چۈنكى مەن قىلمىشىمدىن ھەر كىمگە ھېساب بېرىشنى رەت قىلغۇدەك جا-

سارەتكە تولغان ياشقا كىرگەنىدىم.

تۇيۇقسىز رېئاللىق بىلەن خىيالنىڭ چېگراسىدىكى چۈشلەر ئىلكىدە ئۆزگىچە بىر دۇنياغا كىرىپ قالدىم. ئەمەلىيەتتە يوشۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق، ئىقرار قىلغىنىممۇ ئەمەس، قەدىمنى تىك تۇتۇپ پەخىرلىنىپ سۆزلەشكە ئەرزىيدىغان ئىش بۇ. بۇ دۇنيانى تۇيۇقسىز بايقاپ قالمىدىم، بەلكى ئۆز قولۇم بىلەن قۇرۇپ چىقتىم ئۇنى شۇنچىلىك ئارامبەخش زىننەتلىدىم، ئۆزۈمگىلا خاس قىلىپ ياسىۋالدىم، ئاندىن بارلىق تەنھا تۇيغۇلىرىمنى ئېلىپ شۇ دۇنياغا كۆچۈپ كىردىم. قىزغىن، ئوچۇق - يورۇق مەغرۇر گەۋدەمنى باشقىلارغا قالدۇرۇپ، مىسكىن غېرىب ئۆزۈمنى بۇ دۇنيارىمغا ياندۇرۇپ كىردىم، ئامال بار بۇ جايدا ئەركىن ياشاشقا تىرىشتىم. دەل ئارامچىلىقىم ئۈچۈن تىرىشۋاتقان ئاشۇ كۈنلەردە پىلىم قايتىپ كەلدى. كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي، گۇمان بىلەن ئۇنى قارشى ئالدىم. ئۇ ھەقىقەتەن بەش يېشىمدىن 15 يېشىمغىچە ماڭا سىرداش بولغان پىلىم شۇ ئىدى. ئۇنىڭ شاپائىتىدىن شۇ ۋاقىتلاردا يالغۇزلۇق ھېس قىلمىغىنىم ئېنىق ئېسىمدە. بىراق ئۇ قان - گۆشلۈك، تىرىك جان بولۇپ قايتا تۆرەلگەندەك قىلاتتى.

ئۇنىڭ ھەر دائىم تۇرۇكلۇكلا تۇرىدىغان قوشۇمىسى، سۇرلۇك قىياپىتى دادامغا ئوخشاپ قاپتۇ، ئەتراپقا كەسكىن، قورقۇمسىز نەزەر تاشلايدىغان. بۇرۇنقىدەك مېنىڭ بېقىشىمغا، مۇھاپىزەت قىلىشىمغا ئېھتىياجى يوقكەن. بىراق ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىن مەن ئېرىشمەكچى بولغان بارلىق خۇشاللىقلارنى تاپقاندەك بولدۇم.

مېنىڭ ئاياللارنى باشتا ئېسىلزادە، سۆيۈملۈك، كېيىن ئۇششاق سۆز، زېرىكىشلىك كۆرسىتىدىغان پاكىزلىق كېسىلىم يوق. ئەمما ھەددىدىن زىيادە دىققەتتە ياشايدىغان ئادىتىم بار. ئۇنىڭدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەردىن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي قالدىم. ھاياتىم ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقى ھەر قانداق نەرسىدىن مۇھىم بولسىمۇ، نۇرغۇن رەڭگارەڭ تەسەۋۋۇرلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالماس بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن تەقدىرىمدىن ئەنسىرەۋاتاتتىم. بەلكىم مەن مەلۇم خىل سەۋەبلەر بىلەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشىم مۇمكىن ۋە ياكى مەڭگۈ ئايرىلماي ياشىشىممۇ مۇمكىن. ئارىسالدىلىق، تەقدىرچىلىك، قورقۇش، مۇرەسسە، ئۈمىدسىزلىك، ئىشەنچنىڭ يوقىلىشى ھەم چەكسىز سېغىنىش. بىرلا سەۋەب — ئۇ بۇرۇنقىدىن مۇتلەق ئۆزگىرىپ باشقا بىر جانلىققا ئايلىنىپ قالغان. سەۋەبلەر نۇرغۇن، نەتىجە يوق.

ئاجىزلاپ كېتىپتىمەن، ھەقىقەتەن تەن ئالمىسام بولمايدىغان دەرىجىدە ئېچىنىشلىق بىچارە ھالدا ئىكەنمەن. ئويلاپمۇ باقمىغان ۋەھىمىلەر ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن بىللە پەيدا بولدى.

دېرىزەمدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئالۇچا دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرى كەينىدە كىچىككىنە بىر پارچە ئاسمان. قەلبىمنى چۇلغىۋالغان غېرىبلىقىمغا ھۆسن قوشىدىغان ئادەمسىز ئۆيلىرىم، نۇرغۇن باردى - كەلدى، ئېلىم - بېرىم مۇناسىۋەتلىرىم، ھەممىگە قۇربى يېتىدىغا قۇدرەتلىك تۇرقۇم ھەم چۆلدە ياشاۋاتقاندەك تەنھا «مەن». ئەتراپىمدىكى ئاۋاتلىقنىڭ ئىچىمدە ھېچ بىر نەغمە - ناۋاسى يوق، ئىچىم ئادىمىزات ئاياغ باسمىغان زېمىندەك تىپتىنچ.

بۇ تىنچلىق پەقەت ئۇ پەيدا بولغاندىلا بۇزۇلدى. بارلىق كۆڭۈل ئاغرىقلىرىم ئۇنى كۆرسەملا تۇتەكتەك غايىب بولدى. ئىككىمىز بىللە بولغاندا ئازابلىرىمنى دەردلىرىمنى ئەزۋەيلەپ سۆزلەپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق، ئىككىمىزنىڭ دۇنياسى ئۆزگىچە بىر دۇنيا. ئۇ يەردە يىقىلىشتىن باشلىنىپ چېقىلىشتا ئاياغلىشىدىغان، ئۆلۈمدە تۈگەللىنىدىغان ھەر قانداق ساختىلىقلار پىيازنىڭ پوستىدەك ئاقلىنىپ تاشلىۋېتىلگەن. كۆزۈمنى ياشلايدىغان ئاچچىق پىياز ھىدىدىن كېيىن ئېشىپ قالىدىغىنى لەززەتلىك بەخت.

باللىقىمدا ئۇنى مۇھاپىزەت قىلغانىدىم، ئۇنى ئاسراپ يېنىمدىن ئايرىماي قەدىناسىمغا ئايلاندۇرغانىدىم. ئۇ ماڭا قەيسەرلىكنى ئۆگەتتى، لېكىن مۇھەببەت بېرىشكە ئامالسىز ئىدى.

ھازىر ھېس قىلدىمكى، ئۇ ماڭا ھەممىنى بېرەلەيدۇ، ئۇ ھەم مەن خالىساملا ئارزۇ قىلغىنىمىزنىڭ ھەممىسى بولىدۇ. لېكىن پايدىسى بارمىدۇ، دەپ ئويلاشقا توغرا كېلىپ قالدى. چۈنكى ھەر ئىككىلىمىز قىلمىشلىرىمىزدىن باشقىلارغا ھېساب بېرىشنى رەت قىلالايدىغان ياشتا ئىدۇق، لېكىن شۇ ھېسابنى بەرمىسەك زادى بولمايتتى.

مۇھەررىر: نۇرگۈل روزى
ئېلخەت: 1448746602@qq.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# جالالىددىن رۇمىدىن گۈزەل سۆزلەر





بەختى كۆلگەن بارچە ئىنسانلار بىلۇر،
كىبىر ئىبلىس، ئىشق ئادەمدىن كېلۇر...

رەببەنادىن بارچە ئىستەرمىز ئەدەپ،
بىئەدەپ كۆرمەس جاھاندا لۇتپى رەب.

نۇرغا تولمىشتۇر ئەدەپ بىرلەن پەلەك،
ھەم ئەدەپتىن پاك ۋە مەسۇمدۇر مەلەك.

بەس، تىكەن كىرسە ئاياغقا، بۇ ئازاب،
دىلغا سانچىلسا، نە بولغاي، بەر جاۋاب؟

ئۆز پېيى تاۋۇسقا دۈشمەندۇر، قاراڭ،
چۈنكى ئۇل پەيىنىڭ جۇلاسى رەڭمۇ رەڭ.

گەرچە چاقماق بولسىمۇ دەل نۇرسىمان،
چاقنىسا، كۆزنى قاماشتۇرغاي يامان...

نارى خەندان باغنى ھەم خەندان قىلۇر،
سۆھبەتى مەردان سېنى مەردان قىلۇر.

مېھرى پاكلارنى ئەزىز تۇت ھەر قاچان،
مېھرى يوقلارغا كۆڭۈلنى بەرمە جان.

ئىلىم ئەگەر كۆڭۈلگە سىڭسە، يار ئېرۇر،
گەر بەدەنگە سىڭسە ئۇل، بېكار ئېرۇر.

ئاشنا، دوست بولمىغىن غاپىل بىلەن،
دوست تۇتۇن، دوست بول پەقەت ئاقىل بىلەن.

شۈكرى قىل، نېمەتتىن ئارتۇق بىل ئۇنى،
ناشۈكۈر بولساڭ، ساڭا نېمەت قېنى؟

كىم ياماندۇر، بىئامانلىق ئەيلەگەي،
ياخشىلىق قىلساڭ، يامانلىق ئەيلەگەي.

سەبىر بىرلە نەپسىڭگە قىلغىن قارشىلىق،
ئۇل ياماندىن كىم كۆرۈپتۇر ياخشىلىق؟

بىر بالا يۈز بىر بالادىن ساقلىغاي،
بىر جاپا يۈز بىر جاپادىن ئاسرىغاي...

ئىشقتىن ئۆزگە ھۆسنى جانان قايدا بار؟
جاندىن ئۆزگە تەنگە دەرمان قايدا بار؟...

بەسكى دار ئۆزرە ماڭالمايسەن دادىل،
يەردە يۈرگەنگە شۈڭا سەن شۈكرى قىل...

ھەق ياراتتى كىمىيالەر نەقشىنى،
كۆرمىدى ئادەم سەبىردىن ياخشىنى...

مۇھەررىر: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش
ئېلخەت: rozimuhemmet@qashtash.com

# يۇمۇرلار

## قان

روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا كۆپ قېتىم قاتىللىق قىلغان بىر جىنايەتچىنىڭ روھىي ھالىتىنى تەكشۈرمەكچى بولۇپ سورىشىپتۇ:

— قىش - ياز بىر خىل رەڭدە تۇرىدۇ، ئۇ نېمە؟

— قان!...

## ئېيتىپ قويۇش

بىر كىشى نەسىردىن ئەپەندىمگە:

— خوتۇنىڭىز ئەقلىدىن ئېزىپ قاپتۇ - ھە؟ — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرماي چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. ھېلىقى كىشىنىڭ ئىچى پۇشۇپ:

— نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئويلىماي بولامدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم، — خوتۇنۇم تۇغۇلۇشىدىنلا ئەقىلسىز ئىدى، شۇنداق تۇرۇپ قايسى ئەقلىدىن ئېزىپ قالدىكىن، دەپ ئويلاۋاتىمەن.

## كۈچلۈك يەتمىسە

چېلىشىش مۇسابىقىسىدە بىر پالۋان يەنە بىرىنى دەس كۆتۈرۈپ ئاستىغا بېسىۋاپتۇ. شۇ چاغدا تېگىدە قالغانىنىڭ تەرەپدارلىرى:

— پۇتۇڭنى كۆتۈر، ئۆرۈلۈپ باس، ھە پۇتۇڭنى كۆتۈر!... — دەپ تەرەپ - تەرەپتىن ۋارقىراشقا باشلاپتۇ.

شۇ چاغدا تېگىدە قالغان پالۋان كۈچەپ بېشىنى چىقىرىپ، تەرەپدارلىرىغا ۋارقىراپتۇ:

— ھەي!... قولۇمدىن كەلسە ئىدى، جېنىنى ئالغان بولاتتىم، ئەمما كۈچۈم يەتمىسە قانداق قىلاي!

## نەپەس ئالىمەن

سېمىزلىكتىن چارچاپ كەتكەن بىرەيلەن بىر دۇكان سايىسىدە ئولتۇرۇپ دەم ئېلىۋاتقانىكەن، ئىچكىرىدىن خىزمەتچى چىقىپ سوراپتۇ:

— تەقسىر، نېمە ئالىسىزكىن؟

ئۇ كىشى تەبەسسۇم بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئوغلۇم... رۇخسەت قىلسىڭىز، بىرئاز نەپەس ئالىمەن!

## قىسقىراق...

مۇنبەرگە چىقىۋېلىپ، گېپى تۈگىمەيۋاتقان شائىرغا زالدىكىلەر ھەر تەرەپتىن ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ:

— گېپىڭنى قىسقىراق قىل!... قىسقىراق!...

شائىر غايەت سوغۇققانلىق بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەندىن كېيىنكى كىشى گەپنى قىسقىراق قىلىدۇ!

## غەيۋەتچىگە تەنبىھ

بىر ئالىم غەيۋەتچىگە مۇنداق دەپتۇ:

— سەن يامانلاۋاتقان ئادەمنىڭ ئابرۇيى تۆكۈلگەن ھالەتتىمۇ، يوقالمايدۇ. لېكىن، بۇ تۆكۈلگەن ئابرۇي سېنىڭكىگە كېلىپ قوشۇلمايدىغۇ!

## مازاق قىلىش

بىرەيلەن مەشھۇر بىر شائىرنى مازاق قىلماقچى بولۇپ:

— ئەپەندىم، سىز مال دوختۇرلۇق كەسپىنى پۈتكۈزگەن ئىدىڭىز - ھە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەئە، بىر يېرىڭىز ئاغرىپ قالدىمۇ؟

(تەييارلىغۇچى: قۇتلۇق)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@sina.com

# ياسىن كەرىم ھۆسنخەت ئەسەرلىرى





بىرلىك يىمىرىلمەس كۈچتۇر.



ئەخلاق ئادەم زىننىتى.



ھۆرۈنلۈق مەھرۇملۇقتۇر.



ئىلىم بىلەن نىجات تاپ، مەڭگۈ ياشايسەن.

مۇھەررىر: تۇردىھاجىم تۇرغۇن ئېلخەت: 757008887@qq.com


تويلۇق ®
TOYLUK
ھەر بىر كۈنىڭىز تويدەك ئۆتسۇن،
ھەر كىيگىنىڭىز تويلۇق بولسۇن.
ئادرېسى: شىنجاڭ ئۈرۈمچى شەھەر
تەڭرىتاغ رايونى ئىتتىپاق يولى 391 ـ نومۇر
تېلېفون: 8531007 ـ 0991 فاكس: 2870329 ـ 0991
پوچتا نومۇرى: 830049
www.toyluk.com